# ئىزدىنىش

(تاللانما)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى

8

1995

# ئىزدىنىش

**(تاللانما)**

**1995-يىل 8-سان**
(ئومۇمىي 86-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى «ئىزدىنىش»نىڭ 1995-يىللىق 11-، 12-، 13-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**


## مۇندەرىجە


**پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 74 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن قىلىنغان مەخسۇس زىيارەت:** پارتىيىنىڭ ئامما بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتىنى مەڭگۈ ساقلايلى ………… **گېڭ بياۋ**(2)

**مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياستىنى باشتىن-ئاياغ ئىزچىل يولغا قويايلى** ………… **چيەن چىچېن**(10)

**كۆڭ فەنسېننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىن يېڭى دەۋردىكى پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار—نىڭ تەربىيىلىنىشىگە نەزەر** ………… **چېن يەنىڭ**(23)

**نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم تەدبىرى** ………… **لى جۈنرۇ**(31)

دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنىڭ پەلسەپىۋى ئالاھىدىلىكى ………… **شى لەيزۇڭ**(40)


**★8-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشىردىن چىقتى★**

---


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبەئە سىستېمىسى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 74 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن قىلىنغان مەخسۇس زىيارەت

**تەھرىر ئىلاۋىسى: بۇ يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى — پارتىيىمىز دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 74-يىللىق خاتىرە كۈنى. پارتىيىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا يولداش گېڭ بياۋنىڭ پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى سۆھبەت خاتىرىسىنى ئېلان قىلدۇق.**

## پارتىيىنىڭ ئامما بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتىنى مەڭگۈ ساقلايلى

— سابىق مەركىزىي مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى يولداش گېڭ بياۋنى زىيارەت

ئۆز مۇخبىرىمىز **چاڭ گۇاڭمىن**

**مۇخبىر: ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاش — پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئىستىلى. پارتىيىمىزنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، ئۈزلۈكسىز غەلىبە قازىنالىشىدىكى سەۋەب شۇكى، پارتىيىمىز ئاممىا بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاشتا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن**

**خىزمەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى قىلىپ كەلدى. سىز پارتىيىنىڭ بۇ ئېسىل ئەنئەنىسىگە بولغان تەسىراتىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز.**

**گېڭ بياۋ:** پارتىيىمىز ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاشتەك شەرەپلىك ئەنئەنىگە ئىگە. پارتىيىمىز دۇنياغا كەلگەن كۈندىن باشلاپلا، ئامما بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن قان ئاققۇزۇپ، قۇربانلارنى بېرىپ، قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىپ كەلدى. پارتىيىمىز دەل خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقتىن، ھەرقانداق قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلىدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلىدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇشىغا غەلىبىلىك رەھبەرلىك قىلالىدى. ھەممە ئىشتا ئاممىنى كۆزلەش، ھەممە ئىشتا ئاممىغا تايىنىش — پارتىيىمىز ئىزچىل تەكىتلەپ كېلىۋاتقان بىتەكچى ئىدىيە. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىنلا: پارتىيىنىڭ ۋەزىپىسى — جۇڭگودىكى كەڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، پارتىيىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى — بارلىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقىتىپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئۇزۇل-كېسىل ئازاد قىلىش، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغانىدى. يەر ئىنقىلابى ئۇرۇشى دەۋرىدە، يولداش ماۋ زېدۇڭ، ھەقىقىي پولات ئىستىھكام ئىنقىلابنى چىن نىيەت بىلەن ھىمايە قىلىدىغان مىليونلىغان خەلقتۇر. ئاممىغا تايانساقلا، بارلىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى يوقىتىپ، مەملىكەت مىقياسىدا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ، ئىنقىلابىي خىزمەتتە ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى قايتا-قايتا تەكىتلىگەنىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، يولداش ماۋ زېدۇڭ يەنە: ھەممە ئىشتا خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش — جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ باشقا ھەرقانداق پارتىيىلەردىن پەرقلىنىدىغان ئېنىق بەلگىسى، دەپ كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويغانىدى. يولداش ليۇ شاۋچى پارتىيىنىڭ 7-قۇرۇلتىيىدا بەرگەن پارتىيە نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى دوكلاتىدا، ئاممىۋى لۇشيەننى سىستېمىلىق بايان قىلىپ، ھەممە ئىشتا ئاممىنى كۆزلەش نۇقتىئىنەزىرىنى ئاممىۋى لۇشيەننىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلغانىدى. ماۋ زېدۇڭ ۋەكىللىكىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ماركسىزملىق ماتېرىيالىستىك تارىخ قاراشقا ئاساسەن، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتىدە پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەننى شەكىللەندۈرۈپ، پارتىيە بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدا بېلىق بىلەن سۇدەك، قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەتنى يېتىلدۈردى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن يېڭى تارىخىي دەۋردە، يولداش دېڭ شياۋپىڭمۇ بۇ مەسىلىنى تەكىتلىدى، ئاممىۋى نۇقتىئىنەزەر ۋە ئاممىۋى لۇشيەن — دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى.

يولداش ماۋ زېدۇڭ ئەزەلدىن پارتىيىنىڭ ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرەتتى. ئىلگىرىكى يەنئەن دەۋرىدىلا، ئۇ خۇاڭ يەنپېي ئەپەندى بىلەن قىلغان بىر قېتىملىق سۆھبىتىدە،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشنى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تارىختا ئۆتكەن ئىنقىلابچىلارنىڭ گۇللىنىشتىن خارابلىشىشقا، ھەتتا يوقىلىشقا قاراپ ماڭغانلىقىدەك «دەۋرىيلىك»تىن ساقلىنىشىنىڭ مۇھىم تەدبىرى قىلىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ مۇشۇ تارىخىي «دەۋرىيلىك»تىن ساقلىنالايدىغانلىقىغا ئىشەنچى كامىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنىدى. بۇ گەپنى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ شۇنداق دېگەنلىككى، ئەگەر كوممۇنىستىك پارتىيە ئاممىدىن ئايرىلىپ قالسا، ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلمىسا، ئاممىنىڭ ئىشەنچى ۋە قوللىشىدىن مەھرۇم قالسا، ھېلىقى تارىخىي «دەۋرىيلىك»تىن ساقلىنىشى تەس بولۇپ قالىدۇ. پارتىيە بىلەن ئاممىا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ مۇھىملىقىنى مۇشۇ مەنىدىن چۈشەنگەندە، شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا قارىتا يۈكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇپ تۇرۇشىمىزغا تۇرتكە بولىدۇ.

پارتىيىمىز مەملىكەت بويىچە ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش ھارپىسىدا، يولداش ماۋ زېدۇڭ مەركەزدىكى باشقا بىرنەچچە رەھبىرىي يولداشقا، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرىدۇ، بىز كەلگۈسىدە تارىختىن ئورۇن ئالىمىز، لى زىچېڭ بېيجىڭغا كىرگەندىكىدەك ئىش قىلماي، بىرنەچچە بەلگىلىمە چىقىرىپ ئۆزىمىزنى چەكلەپ تۇرۇشىمىز لازىم، دەپ كۆپ قېتىم ئېيتقانىدى. ئۇ گومورو يازغان «جياشېن غەلىبىسىنىڭ 300 يىللىقى» ئۈستىدە يەنە بىر قېتىم توختىلىپ، بىز لى زىچېڭنىڭ بېيجىڭغا كىرگىنىدىكىدەك ئىش قىلىپ، شەھەرگە كىرىپلا ئۆزگىرىپ كەتسەك بولمايدۇ، دېگەنىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازىنىۋاتقان ۋەزىيەتتە، قانداق قىلىپ پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن لى زىچېڭغا ئوخشاش غەلىبىدىن مەغرۇرلىنىپ ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىشى ۋە شۇ سەۋەب بىلەن چىرىكلىشىپ كېتىش يولىغا مېڭىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۇ قايتا-قايتا ئويلىنىدىغان چوڭ ئىش بولۇپ قالغانىدى. ئۇ، پارتىيە ئىچىدە بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى ئىچىدە «بىرقانچە ئىشنى قىلماسلىق»نى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرۇشنى، يەنى پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزمەسلىك، يەرلەرگە، كوچىلارغا، كارخانىلارغا پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ ئىسمى بىلەن نام قويماسلىق قاتارلىقلارنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويىدى. رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ سۆزلىرى پارتىيە 7-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللىنىپ، پۈتۈن پارتىيە ئەمەل قىلىدىغان بەلگىلىمە بولۇپ قالدى.

**مۇخبىر: ھازىر، پارتىيىنىڭ ئاممىا بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسى بەزى پارتىيىلىك كادىرلار ئارىسىدا سۇسلىشىپ قالدى، بەزى كىشىلەر، ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، دەپ قارىماقتا. سىز پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى يولغا قويۇلۇۋاتقان شارائىتتا، بىزنىڭ يەنىلا ئاممىا بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلىشىمىز، ئاممىغا يېقىندىن تايىنىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز.**

**گېڭ بياۋ:** خەلق ئاممىسى مەڭگۈ پارتىيىمىزنىڭ كۈچ مەنبەسى، شۇنداقلا ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزنىڭ تۈپ كاپالىتى. ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلىمىغاندا، ئاممىغا يېقىندىن تايانمىغاندا، پارتىيىمىز ئۆز نىشانىنى ۋە ئۆز پروگراممىسىنى ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى بولۇش خاراكتېرىنى ساقلىيالمايدۇ، ھەتتا پارتىيىنىڭ ئۆزىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ ۋە تەرەققىي قىلالمايدۇ. يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ ئىدىيىنى كۆپ قېتىم بايان قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: بىز خەلققە تايانساق، خەلق ئاممىسىنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس ئىجادكارلىق كۈچىگە قەتئىي ئىشەنسەك، ئامما بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولساقلا، ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلەيمىز، ھەرقانداق دۈشمەنمۇ بىزنى يېڭەلمەيدۇ، بەلكى بىز دۈشمەننى يېڭىمىز. ئىسلاھات، قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىيات جەريانىدا بىز يەنە نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارغا ۋە توسالغۇلارغا دۇچ كېلىمىز، ئاممىغا تايانمىساق، ئاممىنىڭ ئىشەنچىگە، چۈشىنىشىگە ۋە قوللىشىغا ئىگە بولمىساق، بۇ قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنى يېڭەلمەيمىز، ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايمىز. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، گەرچە بىز ئەمەلىيەت داۋامىدا نۇرغۇن يېڭى ئەھۋاللارغا، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن بولساقمۇ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئاممىسىنىڭ دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولۇش ئورنى ئۆزگەرگىنى يوق، پارتىيىمىزنىڭ خاراكتېرى ۋە مەقسىتى ئۆزگەرگىنى يوق، شۇڭا ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىمىزمۇ ئۆزگىرىپ كەتسە، چۆرۈپ تاشلانسا بولمايدۇ. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى ۋە ئىجادكارلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىغا مەدەت بېرىش ۋە تايىنىش، ئاممىنى ئۆز مەنپەئىتىنى بىلىش ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەشتىن ئىبارەت. ھەممىدە ئاممىنى كۆزلەپ، ھەممىدە ئاممىغا تايانغاندا، ئاممىدىن ئېلىپ ئاممىغا قايتۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئىجادكارلىق روھىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، ئاساسىي قاتلامدىن ۋە ئەمەلىيەتتىن كەلگەن مول تەجرىبىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا يەكۈنلەپ تۇرغاندا، ئاممىنى تەشكىللەش، ئاممىنى تەربىيىلەش، ئاممىغا تەشۋىق قىلىش ۋە ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىگەندە، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاندىن ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئاندىن توغرا تۇرۇپ چىققىلى ۋە ئۇتۇقلۇق يولغا قويغىلى بولىدۇ. ھازىر بەزى كىشىلەر، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا "چوڭ خوجايىن"لارغا تايىنىش كېرەك، كەڭ ئاممىنىڭ كارى چاغلىق بولۇپ قالدى، دەپ قارىماقتا. يەنە بەزى كىشىلەر، كارخانا ئىسلاھاتىدا ئاز ساندىكى كارخانىچىلارغا، "قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم" لەرگە تايىنىش كېرەك، ئىشچىلار سىنىپى تايىنىدىغان كۈچ بولماستىن، باشقۇرۇلغۇچى بولۇپ قالدى، دەپ قارىماقتا، بۇ قاراش نەزەرىيە جەھەتتە خاتا، ئەمەلىيەتتىمۇ زىيانلىق. كومپارتىيە ئەزالىرى يېڭى سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىلغارلىرىغا خاس خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلاش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ مەقسىتىنى ئەستە مەھكەم ساقلاپ، ئامما

www.uyghurkitap.com

بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلىشى، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى، ئاممىنىڭ تەنقىد ۋە نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى كېرەك. خەلق ئاممىسىنىڭ ئورنىنى ۋە رولىنى مەنسىتمەيدىغان ۋە كەمسىتىدىغان كۆز قاراش ۋە ئۇسۇللارنىڭ ھەرقاندىقى ئىنتايىن خاتا ۋە زىيانلىق.

**مۇخبىر: كومپارتىيە ئەزالىرى پارتىيىنىڭ ئامما بىلەن مۇناسىۋەت باغلىشىدىكى كۆۋرۈك ۋە رىشتە، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتىنى ساقلاش ۋە كۈچەيتىشتە ھەربىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ ۋە پارتىيە كادىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە توغرا كېلىدۇ. سىزچە، نۆۋەتتە ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتە پارتىيە ئەزالىرى قايسى جەھەتتىكى مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك؟**

**گېلىڭ بياۋ:** ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاشتا ئاممىۋى نۇقتىئىنەزەرنى مۇستەھكەم تىكلەپ، ئاممىدىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىش لازىم. ئاممىۋى نۇقتىئىنەزەرگە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن ئۆزىمىز بىلەن ئاممىنى توغرا ئورۇنغا قويالايمىز، ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلالايمىز. كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاممىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى تۈپ مەيدان مەسىلىسى، دۇنيا قاراش مەسىلىسى، پارتىيىۋىلىك مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خەلق ئاممىسى تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى دەيدىغان نۇقتىئىنەزەر-نى، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش نۇقتىئىنەزىرىنى، كادىرلارغا ھوقۇقنى خەلق بەرگەن دەيدىغان نۇقتىئىنەزەرنى، پارتىيە ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىلەن خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنىڭ بىردەكلىكى نۇقتىئىنەزىرىنى، پارتىيە ئاممىغا تايىنىشى ھەم ئاممىنى تەربىيىلىشى، ئاممىنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلىشى كېرەك دەيدىغان نۇقتىئىنەزەرنى مۇستەھكەم تىكلەش كېرەك. بەزى پارتىيىلىك كادىرلار ھەتتا رەھبىري كادىرلار ھەمىشە ئۆزىنى ئاممىدىن دانا چاغلايدۇ، ئاممىغا ئىلتىپات قىلىش، ئاممىنىڭ ئىشىغا چات كىرىۋېلىش، بۇيرۇقۋازلىق قىلىپ ئاممىنى زورلاش، ئاممىنىڭ بېشىغا چىقىپ ئۆزى بەگ-ئۆزى خان بولۇۋېلىش ھوقۇقۇم بار دەپ ھېسابلايدۇ، ئۆزىنى خەلق ئاممىسىنىڭ چاكىرى دەپ قارىمايدۇ، بەلكى خەلق ئاممىسىنىڭ خوجايىنى دەپ قارايدۇ، بۇ ئىنتايىن خاتا ھەم ئىنتايىن خەتەرلىك.

ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاشتا، ئاساسىي قاتلامغا، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈش كېرەك. ئاساسىي قاتلامغا، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكمىگەندە، ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاش دېگەنلىك قۇرۇق سۆز بولۇپ قالىدۇ. ئىلگىرى پارتىيىلىك كادىرلىرىمىز ئاساسىي قاتلاملارغا بارغاندا ھەمىشە كۆدە-كۆر-پىلىرىنى ئۆزلىرى دۈمبىسىگە يۈدۈپ، ئىشچى-دېھقانلار ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن تاماقتا، يېتىپ قوپۇشتا ۋە ئەمگەكتە بىرگە بولۇپ، ئۇلاردىن ھال-ئەھۋال سوراپ، دەردىگە دەرمان بولاتتى، ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئىنتايىن يېقىن ئىدى. ئامما بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاش ۋە ئۇچرىشىش داۋامىدا پىكىر

ئالماشتۇرۇلاتتى، كۆڭۈل يېقىنلىشاتتى، ئۆزئارا ئىشىنىش ۋە چۈشىنىش ھاسىل بولاتتى، ئاممىنىڭ ئارزۇ-تەلەپلىرى ئۆز ۋاقتىدا ئىگىلىنەتتى، ئاممىنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىگە قۇلاق سېلىناتتى، شۇڭا پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى تەبىئىي ھالدا زىچلىشىپ باراتتى. ھازىر، بەزى پارتىيىلىك كادىرلار يۇقىرىدا لەيلەپ يۈرىدىغان، ئاساسىي قاتلامدىكى ئەھۋاللارنى ئىگىلىمەيدىغان، ئاممىنىڭ دەردىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، راھەت-پاراغەتكە بېرىلىدىغان، ئەمەلدار-خوجا بولۇۋالىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇلار پارتىيە ۋە خەلق ئالدىدا ئىنتايىن مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، بيۇروكراتلىق ئىستىلىنى يۇقتۇرۇۋالدى. بيۇروكراتلىق — پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇزىدىغان چىرىتكۈچ. ئۇ پارتىيە ئەزالىرىمىزنى ۋە كادىرلىرىمىزنى ئەمەلىيەتتىن، ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا باشلايدۇ، ئاممىنى پارتىيىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ، بۇنىڭدىن بىز چوقۇم يۈكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇشىمىز لازىم.

ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاشتا، ئامما بىلەن جاپانىمۇ، ھالاۋەتنىمۇ تەڭ كۆرۈش، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش كېرەك. كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىنىڭ كادىرلىرى، مەيلى مەنسىپى يۇقىرى-تۆۋەن بولسۇن، ستاژى ئۇزۇن-قىسقا بولسۇن، تۆھپىسى چوڭ-كىچىك بولسۇن، ھەممىسى خەلقنىڭ چاكىرى ۋە خىزمەتكارى، ھەممىسى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشى لازىم. ئاممىنى باشلاپ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغاندا، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، جاپا تارتىشتا ئالدىدا، راھەت كۆرۈشتە ئارقىدا تۇرۇشى، غەم-قايغۇدا باشقىلارنىڭ ئالدىدا، راھەت-پاراغەتتە باشقىلارنىڭ كەينىدە تۇرۇشى كېرەك. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان شارائىتتا، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ ئامما بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇش-بولماسلىقى پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشىغا ۋە پارتىيىنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئىناۋىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بەھوزۇر ياشاش ۋە راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈشكە بېرىلىپ كېتىپ، ئاممىنىڭ ئۆلۈش-تىرىلىشى بىلەن كارىمىز بولمىسا، مۇقەررەر ھالدا ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىمىز، ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىدىن ۋە قوللىشىدىن مەھرۇم بولۇپ قالىمىز. ھازىر بەزى پارتىيىلىك كادىرلار راھەت-پاراغەتكە بېرىلىپ، دۆلەتنىڭ پۇلىنى بۇزۇپ چېچىپ ئىسراپ قىلىدۇ، ئېخىمۇ يامىنى شۇكى، نامراتلارنى يۆلەش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئىشلىتىلىدىغان پۇللارنىمۇ ئۆز چۆنتىكىگە سالىدۇ، بۇنداق كىشىلەر تامامەن ئاينىپ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەنلەردۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە، ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى: پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، كەڭ ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە ۋە ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش لازىم. ئاممىنىڭ كىيىم-كېچەك مەسىلىسى، يېمەك-ئىچمەك مەسىلىسى، تۇرار جاي مەسىلىسى، ئوتۇن، گۈرۈچ، ماي، تۇز مەسىلىسى، ئاغرىق-سىلاق، ساقلىقنى ساقلاش مەسىلىسى،

نكاھ مەسلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ بېرىش كېرەك. ئاممىنىڭ تۇرمۇشتىكى بارلىق ئەمەلىي مەسىلىلىرى بىزنىڭ نەزەرگە ئېلىشىمىزغا تېگىشلىك مەسىلىلەردۇر. كەڭ ئاممىغا پارتىيىنىڭ ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى، ئاما بىلەن ھەمنەپەس بولىدىغانلىقىنى تونۇتۇش كېرەك. ئاممىغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشتە، ئىشنى ئەستايىدىللىق بىلەن، پۈتۈن ئوي-پىكىر ۋە پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىشلەش، بوشاشماي ئىشلەش لازىم. ئاما بىلەن جاپانىمۇ، ھالاۋەتنىمۇ تەڭ كۆرۈش بىلەن بىللە ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلسەك، ئاممىغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەرسەك، ئاما پارتىيىمىزگە مۇھەببەت باغلايدۇ-دە، پارتىيىمىزگە ئىشىنىدۇ، پارتىيىمىزنى چۈشىنىدۇ ۋە قوللايدۇ.

**مۇخبىر: پارتىيە ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان ناتوغرا ئىستىللار ۋە چىرىكلىك ئەھۋاللىرى ئاممىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغاۋاتقان، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇزۇۋاتقان ئەڭ زور ئىللەتتۇر. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانداق قىلىپ چوڭقۇر قانات يايدۇ-رۇش توغرىسىدا ئۆزىڭىزنىڭ ئوي-پىكىرلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز.**

**گېڭ بياۋ:** پارتىيە ئىچىدىكى ناتوغرا ئىستىللار ۋە چىرىكلىك ئەھۋاللىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىش ۋە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. پارتىيىمىز ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان پارتىيە بولغاچقا، كۆپلىگەن پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ قولىدا بەلگىلىك ھوقۇق بار، بۇ ھوقۇقنى خەلق بەرگەن، شۇڭا ئۇنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەشكە ئىشلىتىش كېرەك. بىراق ئاز ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۆزىنى چەكلەپ تۇرۇشنى بوشاشتۇرۇپ قويغان بولغاچقا، چىرىك نەرسىلەرنىڭ تەسىرىگە ۋە چىرىتىشىگە ئۇچراپ، ئىدىيە ۋە ئىستىل جەھەتتە ئاينىپ كەتتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىنى، پارتىيىنىڭ مەقسىتى ۋە ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، پارتىيە ۋە خەلق تەنتەنىلىك بىلەن بەرگەن ھوقۇقنى خۇسۇسىي مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان قورال قىلىۋالدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلارنىڭ ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا، تەلىپىگە ۋە دەردىگە كۆڭۈل بۆلمەستىن، ئۆز مەنپەئىتىنى دەپ دۆلەتنىڭ ۋە ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە خالىغانچە زىيان سېلىشى مۇقەررەر. ئاما بۇ كىشىلەرنى ئۆزى ئىشەنگەن چاكار ۋە خىزمەتكار دەپ ھېسابلىمايدۇ. پارتىيىنىڭ ئاما ئارىسىدىكى ئوبرازى، پارتىيىنىڭ ئاما بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋىتى مانا مۇشۇ كىشىلەرنىڭ كاساپىتى بىلەن بۇزۇلۇپ قالدى. بۇ كىشىلەرنى پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنى بىلەن جازالاش كېرەك. ھەر بىر كومپارتىيە ئەزاسى بۇ جەھەتتە چوقۇم يۇكسەك ھوشيار تۇرۇپ، ئىشنى ئۆزىدىن باشلىشى، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ھوقۇقنى توغرا تونۇشى ۋە توغرا ئىشلىتىشى، ئىستىل جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىشى، ئاممىنىڭ نازارىتىنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلىشى لازىم. جياڭ يۈيلۇ ۋە كۇڭ فەنسېن قاتارلىق پارتىيىنىڭ ياخشى كادىرلىرىنى ئۈلگە

قىلىپ، ئومۇم ئۈچۈن ئىشلىشى، پاك-تىرىشچان بولۇشى، ئەمگەكچى خەلققە خاس خىسلەتنى مەڭگۈ ساقلىشى، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئامىمىنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ، پاتىيىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىنى، جەلپ قىلىش كۈچىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشىشى كېرەك.

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىسالەت ئابلا**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىنى باشتىن-ئاياغ ئىزچىل يولغا قويايلى

چيەن چىچېن

بۇ يىل — مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يىل، يەنى جۇڭگو خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنىڭ ۋە دۇنيانىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشى غەلىبە قازانغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى، ب د ت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى. بۇ — تارىخنى ئەسلەيدىغان، كەلگۈسىگە نەزەر سالىدىغان بىر يىل. يەنە تۆت يىلدىن كېيىن، ئىنسانىيەت يېڭى بىر ئەسىرگە كىرىدۇ. دۇنيا ئەللىرى قانداق بىر 21-ئەسىرنى كۈتۈۋالىدىغانلىقىغا ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلمەكتە.

## خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدا

20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئىككى قېتىم دۇنيا ئۇرۇشى يۈز بەردى. كېيىنكى يېرىمىدا 40 نەچچە يىل داۋاملاشقان "سوغۇق ئۇرۇش" پەيدا بولدى. 80-يىللارنىڭ ئاخىرى، 90-يىللارنىڭ باشلىرىدا، خەلقئارا ۋەزىيەتتە زور ئۆزگىرىش بولدى. دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەت ۋە ئىككى چوڭ ھەربىي گۇرۇھنىڭ قارىمۇقارشىلىقى بەلگە قىلىنغان ئىككى قۇتۇپلۇق تۈزۈلمە ئاخىرلاشتى، چوڭ دۆلەتلەر ياكى چوڭ دۆلەتلەر گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىق ۋە "سوغۇق ئۇرۇش" خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئاساسىي يۈزلىنىشىنى بەلگىلەيدىغان دەۋر ئاخىرلاشتى. نۆۋەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى جىددىي ئۆزگىرىشتىن كېلىپ چىققان كەسكىن داۋالغۇشنىڭ دولقۇنى ئۆتۈپ كەتتى. چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ستراتېگىيىسىنى تەڭشىمەكتە، دۇنيا ۋەزىيىتى چوڭقۇر ھەم مۇرەككەپ ئۆزگىرىش دەۋرىگە كىرمەكتە.

خەلقئارا ۋەزىيەتتە پەسسىيشكە يۈزلىنىش ئەھۋالى پەيدا بولدى. "سوغۇق ئۇرۇش"نىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇزاقتىن بۇيان ھەل بولماي كەلگەن نۇرغۇن دۇنياۋى ئىسسىق نۇقتىلار سوۋۇماقتا. ئوتتۇرا

شەرقنىڭ تىنچلىقتا ئۆتۈش جەريانى ئەگرى-توقايلىقتا تولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەر بولدى، يېڭى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ دۇنياغا كېلىشى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى 300 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلغان ئىرقچىلىق ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى. خەلقئارالىق ماجىرالارنى، ئىسسىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى تىنچلىق سۆھبىتى ئارقىلىق ھەل قىلىش يۈزلىنىشى داۋاملىق تەرەققىي قىلماقتا. چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بىر-بىرىنى چەكلەپ تۇرۇشى كۈچەيدى، سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ۋە ئۇچرىشىش ئىشلىرى كۆپەيدى لېكىن زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياسىتى يەنىلا مەۋجۇت. خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى تۇراقسىزلىق، مۇجمەللىك ئامىللىرى كۆپىيىمەكتە. ياۋروپادا، ئەسلىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى 15 كە بۆلۈندى، ئەسلىدىكى يوگوسلاۋىيە بەشكە بۆلۈندى، چېخ بىلەن سلوۋاكىيە بۆلۈندى، گېرمانىيە بىرلىككە كەلدى. ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئەسلىدە يوشۇرۇنغان بەزى زىددىيەتلەر چوقچىيىپ چىقتى، تېررىتورىيە تالىشىش، ئىرقىي زىددىيەت ۋە دىنىي توقۇنۇشتىن پەيدا بولغان مالىمانچىلىق ھەتتا ئۇرۇش بەزى رايونلاردا ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ، بىر پەسىيىپ بىر كۆتۈرۈلمەكتە. بۇ توقۇنۇشلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىلىرىنىڭ كۆلىمى ۋە كەسكىنلىكى چەكلىك بولۇپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە بولغان تەسىرى چوڭ ئەمەس. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق خەلقئارا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتە يېڭى جىددىيلىكنى كەلتۈرۈپ چىقتى. "سوغۇق ئۇرۇش"تىن كېيىن غەربتىكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ساداسى كۈچىيىپ، ھازىرقى ھۆكۈمەتكە نارازى بولماقتا، بەزى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى داۋالغۇپ تۇرماقتا.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى، شەرقىي ياۋروپانىڭ جىددىي ئۆزگىرىشى بىلەن، غەربىي دۇنيا نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئىنتىزار بولۇپ كەلگەن ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەر ئامېرىكىنى يېتەكچى قىلغان "دۇنيا يېڭى تەرتىپى"نى ئورنىتىش سىياسىتىنى كۈچىنىڭ بارىچە يولغا قويدى، لېكىن، خەلقئارا ۋەزىيەت بەزىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسى بويىچە تەرەققىي قىلمىدى، "سوغۇق ئۇرۇش" ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يالغۇز ئامېرىكا دۇنياغا خوجا بولىدىغان ۋەزىيەت پەيدا بولماستىن، ئەكسىچە ئورتاق دۈشمەننىڭ يوقىلىشى بىلەن، ئامېرىكا، ياۋروپا، ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى پايدا-زىيان توقۇنۇشى گەۋدىلىنىپ چىقتى. دۇنيا كۆپ قۇتۇپلىشىش تەرەپكە قاراپ ماڭماقتا.

1994-يىلى ئامېرىكىنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 6 تىرلىيون 600 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي كۈچى دۇنيا بويىچە يەنىلا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن ئامېرىكا مەملىكەت ئىچىدىكى مەسىلىلىرى ئېغىر بولغانلىقى، تاشقى جەھەتتە يەنە باش كۆتۈرۈۋاتقان باشقا خەلقئارا كۈچلەرنىڭ مۇسابىقىسىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، دۇنياغا "رەھبەرلىك" قىلىشتا ئارمانىغا چۈشلۈك دەرمانى بولماي، بەزى ئۇسۇللىرىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولۇپ، سىرتقا قارىتا قاتنىشىش ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېڭەيتىش ستراتېگىيىسىنى قوللىنىدىغان، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىگە تېخىمۇ كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدىغان، ھەربىي مۇداخىلە قىلىش مەسىلىسىدە ئېھتىياتچانلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتىدىغان بولدى.

ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى بۇ يىل 1-ئايدا كۆپىيىپ 15 دۆلەتكە يەتتى. نۆۋەتتە، ياۋروپا ئىتتىپاقى «ماستىلخت شەرتنامىسى»دە بەلگىلەنگەن نىشانغا ئاساسەن بىر گەۋدىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پائال تۈردە شەرققە ۋە جەنۇبقا كېڭەيمەكتە. ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ۋە ياۋروپا ھەم دۇنيا ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتە، غەربىي ياۋروپا بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بىرئاز تەرەققىي قىلدى. گېرمانىيە بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن 80 مىليون ئاھالىگە ئىگە بولدى، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 2 تىرليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭكىدىن خېلىلا ئېشىپ چۈشتى، خەلقئارا ئورنى ۋە تەسىرى روشەن ھالدا كۈچەيدى.

ياپونىيە ئامېرىكىدىن قالسىلا دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئىقتىسادىي كۈچلۈك دۆلەت. ئۆتكەن يىلى مەملىكەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 4 تىرليون 600 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. ياپونىيە يالغۇز ئىقتىسادىي جەھەتتە چوڭ دۆلەت بولۇشقا رازى بولماي، خەلقئارا ئىشلاردا چوڭ دۆلەتلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلماقتا. ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى سۈركىلىشى كۆپىيىپ بارماقتا.

ئىلگىرىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىغاندا روسىيە ئاھالىسىنىڭ يېرىمى ئازايدى، تېررىتورىيىسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى ئازايدى، مەملىكەت ئىچىدە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە بىكى يولغا بۇرۇلۇشتا ئاز بولمىغان قىيىنچىلىققا دۇچار بولماقتا. روسىيىنىڭ يەر مەيدانى كەڭ، بايلىق مەنبەسى مول، سانائەت، پەن-تېخنىكا ۋە ھەربىي كۈچ جەھەتلەردە بىرقەدەر پۇختا ئاساسى بار، ئۇ خەلقئارا ئىشلارغا يەنىلا مۇھىم تەسىر كۆرسەتمەكتە.

”سوغۇق ئۇرۇش“تىن كېيىنكى ئۆزگىرىشچان خەلقئارا ۋەزىيەتتە، ئاسىيا-تىنچ ئوكيان رايونى، بولۇپمۇ ياپونىيىدىن باشقا شەرقىي ئاسىيا دۆلەتلىرى سىياسىي جەھەتتە نىسبەتەن مۇقىم بولدى، ئىقتىسادى داۋاملىق ھالدا تېز سۈرئەتتە ئېشىپ مېڭىپ، دۇنيا بويىچە جۇشقۇنلۇق ۋە ھاياتىي كۈچ جەھەتتە ھەممىدىن ئېشىپ كەتكەن رايون بولۇپ قالدى. پۈتكۈل شەرقىي ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1960-يىلدىكى 4 پىرسەنتتىن كۆپىيىپ تەخمىنەن 25 پىرسەنتكە يەتتى. مۆلچەرلىنىشچە، كېيىنكى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، شەرقىي ئاسىيانىڭ ئىقتىسادى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان ھالەتكە كېلىدۇ. ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ رايوننىڭ خەلقئارا ئىشلاردىكى ئورنى كۈنسايىن ئۆسمەكتە، تەسىرى روشەن ھالدا ئاشماقتا.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 16 يىلدىن بۇيان، ئېلىمىز ئىقتىسادىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 9 پىرسەنتكە يېتىپ، دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي

كۆچىنى ئاشۇرۇش ۋە خەلق تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئېلىمىزنىڭ خەلقئارا ئورنى ۋە تەسىرى كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بارماقتا. مۇقىم ۋە ئاۋات بولغان جۇڭگونىڭ رايونلارنىڭ ۋە دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن كىشىلەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھەققانىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداش، باراۋەرلىك ئاساسىدا خەلقئارا ئىشلارغا قاتنىشىش، تىنچ، مۇقىم، ئادىل، مۇۋاپىق خەلقئارا سىياسىي، ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپنى ئورنىتىش جەھەتتىكى تەلىپى كۈندىن-كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە.

قىسقىسى، دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلۇق تۈزۈلمىسىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇزاق مۇددەتلىك مۇرەككەپ بىر جەريان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ قۇتۇپلىشىش يۈزلىنىشى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تارىخىي ئېقىمغا ئايلىنىپ قالدى. كۆپ قۇتۇپلىشىش يۈزلىنىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىر-ئىككى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت دۇنياغا خوجا بولۇشقا ئىنتىلىدىغان دەۋرنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ — تارىخىي خاراكتېرلىك زور ئىلگىرىلەشتۇر.

”سوغۇق ئۇرۇش“تىن كېيىن، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىسىنى ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشقا قاراتقانلىقى خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى يەنە بىر زور ئۆزگىرىش. ئىقتىسادىي مەنپەئەت ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تاشقى سىياسەتنى تۈزۈپ چىقىشتىكى ئاساسىي چىقىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. ئامېرىكا ئىقتىسادىي خەۋپسىزلىكنى ئۆزىنىڭ تاشقى ئىشلار سىياسىتىنىڭ باش نىشانى قىلىۋالدى. ئامېرىكا، ياۋروپا يېڭى مۇسابىقىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەممىدىن بەك ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئاسىيا ئىقتىسادىدا بولۇپمۇ شەرقىي ئاسىيا ئىقتىسادىدا تېخىمۇ كۆپرەك ئورۇننى ئىگىلەش، پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئاساسىي مەقسەت قىلىنغان ئاسىيا ستراتېگىيىسىنى ئارقا-ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقاردى. ھازىر ھەرقايسى ئەل رەھبەرلىرى چەت ئەلگە بارسا زور تۈركۈمدىكى كارخانىچىلارنى باشلاپ بېرىپ، ئىقتىسادىي-سودا ئالاقىلىرىگە بىۋاسىتە قاتنىشىدىغان، تۈرتكە بولىدىغان بولدى؛ بۇ بىر خىل ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى. بەزى چوڭ-چوڭ خەلقئارالىق مەسىلىلەر كۆپىنچە ھەم ئىقتىسادىي مەسىلە، ھەم سىياسىي مەسىلە بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولۇپ، ئايرىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە زىچلىشىپ كەتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىش بىلەن رايونلىشىش، گۇرۇھلىشىش يۈزلىنىشى تېز تەرەققىي قىلىپ كەلمەكتە. 1994-يىل باھاردا 123 دۆلەت ۋە رايوننىڭ تاموژنا بېجى ۋە سودا ئومۇمىي كېلىشىمى بويىچە ئۇرۇگۋاي سۆھبىتىنىڭ ئاخىرقى ھۆججىتىنى ۋە دۇنيا سودا تەشكىلاتىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى كېلىشىمنى ئىمزالىغانلىقى پۈتۈن يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شىنىڭ مۇھىم بىر نامايەندىسى. ياۋروپا ئىتتىپاقى بويىچە بىرلىككە كەلگەن چوڭ بازار ۋە شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا رايونى ئارقا-ئارقىدىن رەسمىي ئىشقا كىرىشتى. ئاسىيا-تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى مېخانىزملىشىشقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، باسقۇچقا بۆلۈپ 2010-يىلى، 2020-يىلى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان سودا ۋە مەبلەغ سېلىشنى ئەركىنلەشتۈرۈش نىشانىنى بەلگىلەپ چىقتى. نۆۋەتتىكى دۇنيا ئىقتىسادىدا، ئامېرىكا، ياپونىيە، ياۋروپا ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئىقتىسادىي كۈچ تىركىشىپ تۇرماقتا؛ شەرقىي ئاسىيا رايونى دۇنيا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان 4-پاراۋوز بولۇپ تۇرماقتا؛ باشقا رايون خاراكتېرلىك ۋە يېرىم رايون خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلدى ياكى قۇرۇلۇشقا تەييارلىق كۆرمەكتە. بۇ خىل يۈزلىنىش "سوغۇق ئۇرۇش" ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھەرقايسى ئەللەر خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىقتىسادىي گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن رىقابەتنىڭ باشلانغانلىقىدىنمۇ دېرەك بېرىدۇ.

دۇنيا ئىقتىسادى 90-يىللارنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىن باشلاپ يېڭى بىر ئېشىش دەۋرىگە كىردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقئارادىكى ئىقتىسادىي رىقابەت ۋە سۈركىلىشلەر تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. نۆۋەتتە ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدا، بولۇپمۇ چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد ۋە پەن-تېخنىكا يادرو قىلىنغان ئومۇمىي دۆلەت كۈچى جەھەتتىكى رىقابەت تازا ئەۋج ئالماقتا. بۇ رىقابەت ئەمەلىيەتتە خەلقئارا مۇناسىۋەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئاساسىي كۈچ بولۇپ قالدى. دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كېيىنكى ئەسىردە گۈللىنىش ياكى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇش تەقدىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە مۇشۇ رىقابەتنىڭ نەتىجىسىگە باغلىق بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا نىسبەتەن بىزدە يېتەرلىك تونۇش ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك. دۇنيا تۈزۈلمىسى ئۆزگىرىۋاتقان ئۆتكۈنچى دەۋردە، "سوغۇق ئۇرۇش"تىن قېپقالغان نۇرغۇن مەسىلىلەرمۇ بار، ئەلۋەتتە. ناھايىتى چوڭ يادرو قوراللىرى ئامبىرى يەنىلا مەۋجۇت، ھەربىي تەييارلىق مۇسابىقىسىنىڭ ئاقىۋىتى تېخى يوقىتىلمىدى، "سوغۇق ئۇرۇش"قا خاس ئوي-پىكىرلەر خېلى مەزگىلگىچە يەنىلا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز توغرا تەدبىر قوللىنىشىمىزنى، بىپەرۋالىق قىلماسلىقىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بارلىق خىزمەتلىرىمىزنىڭ مەركىزى، ئۇنى مەھكەم چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم. 1992-يىلى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزىدە "تەرەققىيات — چىڭ قائىدە" دەپ كۆرسىتىپ، بىزنىڭ چوقۇم نۆۋەتتىكى پايدىلىق پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا گۈللەندۈرۈشىمىز ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىملىقىنى تەكىتلىگەندە دەل مۇشۇ چوڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى نەزەردە تۇتقان.

# ئېلىمىزنىڭ دىپلوماتىيە خىزمىتى توغرىسىدا

80-يىللارنىڭ ئاخىرى، 90-يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئېلىمىز 1989-يىل ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن سىياسىي ۋەقەنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، غەرب ئەللىرى جۇڭگوغا قارشى تۇرۇش دولقۇنى قوزغاپ، ئىچكى ئىشلىرىمىزغا ئارىلىشىپ، جازالاش تەدبىرىنى يولغا قويۇپ، بېسىم ئىشلىتىپ بىزنى بويسۇندۇرماقچى بولدى، جۇڭگونى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يولىدا مېڭىپ، سوتسىيالىزم يولىدىن ۋاز كەچتۈر-مەكچى بولدى. خەلقئارا ۋەزىيەتتە جىددىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، بىز ئىچكى جەھەتتە، "بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا"دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى داۋاملىق كېڭەيتتۇق. تاشقى جەھەتتە، مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىجرا قىلدۇق. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، جۇڭگو سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپلا قالماي، بەلكى ئالغا قاراپ تېز تەرەققىي قىلدى. ئېلىمىزدە سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغان، ئىقتىسادىي كۈچ ئېشىپ مېڭىپ، ھەممە ساھەلەر گۈللەپ راۋاجلىنىۋاتقان مەنزىرە بارلىققا كەلدى. غەرب ئەللىرىنىڭ ئېلىمىزگە قارىتىلغان جازالاش تەدبىرى بۇزۇلۇپ تاشلىنىپ، ئېلىمىز بىلەن دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى ئورناتقان دۆلەت 1988-يىلدىكى 130تىن 160 كە كۆپەيدى. ئېلىمىزنىڭ تاشقى ئىشلار بازىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، دوستلىرىمىز بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. جۇشقۇنلۇققا ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان سوتسىيالىستىك جۇڭگو يېڭى قىياپىتى بىلەن خەلقئارا سەھنىسىنى جانلاندۇرۇپ، خەلقئارالىق ئىشلاردا بارغانسېرى مۇھىم رول ئويناماقتا.

يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان، خەلقئارادا، 10 يىل، 20 يىلدىن كېيىن، جۇڭگو دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىدۇ دەپ، جۇڭگونىڭ ئەمەلىي كۈچىنى مۇبالىغىلەشتۈرىدىغان خاھىش پەيدا بولدى. بەزىلەرنىڭ بۇنداق دېيىشى جۇڭگو ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بەك يۇقىرى مۆلچەرلىگەنلىكىدىن بولغان، بەزىلەر بولسا يامان نىيەتتە بولۇپ، "جۇڭگو تەھدىتى نەزەرىيە-سى"گە ئاساس تېپىش ئۈچۈن دېگەن. جۇڭگو ھېچقاچانمۇ كېڭەيمىچىلىك قىلمىغان. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، يېقىنقى زامان تارىخىدا، جۇڭگو كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئاھانىتىگە، زۇلمىغا ۋە تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ، 100 نەچچە يىل ئازاب تارتتى. ھازىر ۋە كەلگۈسىدە، جۇڭگو ھەرقانچە قۇدرەت تاپقان تەقدىردىمۇ، باشقا دۆلەتلەرگە تەھدىت قىلمايدۇ، تاجاۋۇز قىلمايدۇ، ھەرگىز زومىگەرلىك قىلمايدۇ. ئېلىمىز مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يولغا قويىدۇ. بۇ سىياسەتنىڭ توپ نىشانى — جۇڭگونىڭ مۇستەقىللىكى، بىرلىكى ۋە تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكىنى قوغداش، زومىگەرلىككە ۋە

زوراۋانلىق سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. بىز تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ئاساسىدا بارلىق دۆلەتلەر بىلەن دوستلۇق-ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشنى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىمىز.

بىز غەرب ئەللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدۇق. ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى بىر-بىرىگە باغلانغان بولىدۇ. ئىجتىمائىي تۈزۈمى، ئىدېئولوگىيىسى ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەر بىردەك تىرىشىپ، ئىنسانىيەت ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىش يولىدا دۇچ كېلىۋاتقان مۇسابىقىگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇشى كېرەك ھەم ئورتاق تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىدا گەپ بولمىسا كېرەك. ئامېرىكا — تەرەققىي تاپقان ئەڭ چوڭ دۆلەت، جۇڭگو — تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەڭ چوڭ دۆلەت. تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ئاساسىدا ئىككى دۆلەتنىڭ دوستلۇق-ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش جۇڭگونىڭ ئىزچىل تەشەببۇسى. ئۆتكەن يىلى 11-ئايدا، رەئىس جياڭ زېمىن جاكارتادا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كلىنتون بىلەن يەنە ئۇچراشقاندا، جۇڭگو، ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ھەققىدە ئورتاق تونۇشقا كەلدى. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى سودا، ئىقتىساد ۋە پەن-تېخنىكا ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان ئۈچ مىنىستىر دەرىجىلىك ئالاقىلىشىش ھەيئىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەمدە ھەربىي سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنى خەلق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ئىشلەپچىقىرىشقا ئايلاندۇرۇشقا مەسئۇل ئالاقىلىشىش ھەيئىتى قۇرۇلدى. ئىككى دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ ئالاقىسىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. جۇڭگو-ئامېرىكا ئىككى تەرەپنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بېرىش-كېلىشى كۆپەيدى. جاپالىق سۆھبەتلەر ئارقىلىق، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش مەسىلىسىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى، ئىككى دۆلەتنىڭ سودىسى داۋاملىق ئېشىپ ماڭدى، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا بەزى مەسىلىلەردە ئىختىلاپ بار، تېخىمۇ مۇھىمى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كەڭ دائىرىدە ئورتاق مەنپەئەت مەۋجۇت، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبيېكتىپ پاكىت. جۇڭگو جۇڭگو-ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنى ھەل قىلىشقا نىسبەتەن سەممىي، ئاكتىپ پوزىتسىيىدە تۇرۇپ كەلدى، لېكىن پرىنسىپاللىقتىنمۇ ۋاز كەچمىدى. جۇڭگو-نىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا مۇداخىلە قىلىدىغان، جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە غورۇرىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق قىلمىشنى قوبۇل قىلالمايمىز. يېقىندا ئامېرىكا لى دېڭخۇيىنىڭ ئامېرىكىغا زىيارەتكە بېرىشىغا يول قويۇشنى قارار قىلغاندا، ئېلىمىز ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن ھەققانىي سۆزلەشتى ۋە قاتتىق ئېتىراز بىلدۈردى. تەيۋەن مەسىلىسى جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكى ۋە دۆلەت بىرلىكىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا چېتىلىشلىق بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ، 1 مىليارد 200 مىليون جۇڭگولۇقنىڭ ھېسسىياتىغا بىۋاستە تەسىر قىلىدۇ، ”ئىككى جۇڭگو“نى، ”بىر جۇڭگو، بىر تەيۋەن“نى پەيدا قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ئۇرۇنۇشقا قەتئىي قارشى تۇرىمىز، ھەمدە تېگىشلىك ئىنكاس قايتۇرماي تۇرالمايمىز؛ جۇڭگونى پارچىلايدىغان، جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا

توسالغۇلۇق قىلدىغان ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرقانداق قىلمىشقا قاراپ تۇرمايمىز.

ئېلىمىزنىڭ غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نورمال راۋاجلىنىش ئىزىغا چۈشتى. ئۆتكەن يىلى 7-ئايدا زۇڭلى لى پېڭ گېرمانىيىنى زىيارەت قىلدى، 9-ئايدا رەئىس جياڭ زېمىن فرانسىيىنى زىيارەت قىلدى، ھەر ئىككىسى داغدۇغىلىق كۈتۈۋېلىشقا ئېرىشتى. ئۆتكەن يىلى يىل ئاخىرىدا ياۋروپا ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ 1989-يىلىدىن بۇيان يۈرگۈزۈپ كەلگەن جۇڭگونى ئورۇنسىز جازالاش تەدبىرىنى رەسمىي ئەمەلدىن قالدۇردى. بۇ يىل ئەتىيازدا، ئىسپانىيە پادىشاھى كالوس ۋە پورتۇگالىيە زۇڭتۇڭى سوئارېس ئارقا-ئارقىدىن جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى. جۇڭگو بىلەن غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئارمىيىسمۇ دوستلۇق ئالاقىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد-سودا ئالاقىسى داۋاملىق راۋاجلانماقتا. بۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا رەئىس جياڭ زېمىن بىلەن گېرمانىيە زۇڭلىسى كول ئۆزئارا زىيارەت ئېلىپ بارىدۇ. جۇڭگو بىلەن غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇقىم دوستلۇق-ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىككى تەرەپنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن.

ياپونىيە — ئېلىمىزنىڭ بىرلا سۇ ئايرىپ تۇرغان قوشنىسى. جۇڭگو جۇڭگو-ياپونىيە دوستلۇق-ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى ئىزچىل ھالدا دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىدىكى مۇھىم بىر ھالقا قىلىپ كەلدى. جۇڭگو-ياپونىيە ئىككى دۆلەتنىڭ يۇقىرى قاتلاملىق بېرىش-كېلىشى كۆپ بولۇپ كەلدى. بۇ يىل 4-ئايدا كومىتېت باشلىقى چياۋ شى ياپونىيىدە زىيارەتتە بولدى. 5-ئايدا باش ۋەزىر سۇنشەن جۇڭگونى رەسمىي زىيارەت قىلدى. ئىككى تەرەپ تارىخقا توغرا مۇئامىلە قىلىپ، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بىردەك قوشۇلدى. ئۆتكەن ئىشلار كېيىنكى ئىشلارغا ساۋاق بولالايدۇ. بىز ياپونىيىنىڭ تىنچ تەرەققىي قىلىش يولىدا داۋاملىق مېڭىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئەتراپىمىزدىكى دۆلەتلەر بەلەن بولغان ئىناق قوشنىدارچىلىق-دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئېلىمىز دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئېلىمىز ئىزچىل ھالدا بارلىق قوشنا دۆلەتلەر بىلەن كەڭ دائىرىدە دوستانە ھەمكارلىقنى يولغا قويۇپ، ئۆز رايونىمىزنىڭ تىنچلىق ۋە مۇقىملىقىنى، گۈللىنىش ۋە تەرەققىياتىنى ئورتاق قوغداش ئۈچۈن ئىزچىل تىرىشىپ كەلدى. ئۆتكەن يىلى 11-ئايدا رەئىس جياڭ زېمىن سىنگاپور، مالايشىيا، ھىندونېزىيە ۋە ۋېيتنامدا زىيارەتتە بولۇپ، جۇڭگو بىلەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنىڭ خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەر بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا نەنشا تاقىم ئاراللىرىنىڭ تەۋەلىكى مەسىلىسىدە ئىختىلاپ مەۋجۇت، بىز ئىككى تەرەپنىڭ تىنچ سۆھبىتى ئارقىلىق ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىمىز. ئەگەر ھازىرچە شارائىت تېخى پىشىپ يېتىلمىسە، تالاش-تارتىشنى قويۇپ قويۇپ، ئورتاق ئېچىشقا بولىدۇ، جىددىي ۋەزىيەت پەيدا بولۇشتىن ساقلىنىش

كېرەك.

روسىيە — جۇڭگونىڭ ئەڭ چوڭ قوشنا دۆلىتى. ئىككى دۆلەتنىڭ 4334 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقىدىكى ئورتاق چېگرىسى بار. جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، ھازىرغا قەدەر ئىككى تەرەپ 99% چېگرا مەسىلىسىدە بىردەك پىكىر ھاسىل قىلدى، ھەمدە چېگرا شەرتنامىسى ئىمزالىدى. 5-ئايدا رەئىس جياڭ زېمىن تەكلىپكە بىنائەن موسكۋاغا بېرىپ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە يېلتسىن زۇڭتۇڭ بىلەن يەنە ئۇچراشتى، ئىككى تەرەپ ئىككى دۆلەتنىڭ يېقىنچە مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق ئورتاق تىرىشىدىغانلىقىغا بىردەك قوشۇلدى، يېلتسىن زۇڭتۇڭ ئىككى دۆلەت ئىمزالىغان چېگرا شەرتنامىسىنىڭ مۇقەددەس ھەم ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، تۈرلۈك توسالغۇلارنى تۈگىتىپ ئەمەلىيلەشتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ 21-ئەسىرگە يۈزلىنىپ ئورناتقان قارشىلاشماسلىق، ئىتتىپاق تۈزمەسلىك، ئۈچىنچى دۆلەتنى نىشان قىلماسلىق، دوستانە ئۆتۈش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش-ھەمكارلىشىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش ئاساسىدىكى يېقىنچە مۇناسىۋىتى قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە.

ئېلىمىز باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، ھەرقايسى ئەللەر خەلقىنىڭ ئۆز يولىنى ئۆزى تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى دۆلەتلىرى بىلەن يېقىنچە دوستلۇق-ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ئۆتكەن يىلى زۇڭلى لى پېڭ ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، قىرغىزىستان، قازاقىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆت دۆلەتنى ۋە موڭغۇلىيىنى زىيارەت قىلدى، ھەمدە تاشكەنتتە سۆز قىلىپ، تۇنجى قېتىم جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى تۆت تۈرلۈك ئاساسىي سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى.

ئېلىمىز — تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر دۆلەت. خەلقئارا ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشتىن قەتئىينەزەر، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش يەنىلا ئېلىمىزنىڭ تاشقى سىياسىتىنىڭ ئاساسىي مەۋقەسى. يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، بىز باشقا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن زومىگەرلىككە ۋە سىرتنىڭ ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇش، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىكى، ئىگىلىك ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداش كۈرىشىدە بىر-بىرىمىزنى قوللايمىز ۋە ئۆزئارا ماسلىشىمىز ھەمدە كۆپ خىل شەكىلدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى پائال راۋاجلاندۇرىمىز.

ئېلىمىز ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ب د ت نىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان كۆپ تەرەپلىك دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىگە پائال قاتنىشىپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى قوغداش، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئىجابىي رول ئوينىدى. ئېلىمىز مۇھىت ئاسراش، زەھەرلىك چېكىملەرنى چەكلەش قاتارلىق پۈتۈن يەر شارىغا چېتىلىدىغان پائالىيەت داۋامىدا خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن ئاكتىپ ماسلاشتى. ھەربىي ھازىرلىقلارنى كونترول قىلىش ۋە ھەربىيلەرنى

قىسقارتىش ساھەسىدە بىز «يادرو قوراللىرىنى كېڭەيتمەسلىك شەرتنامىسى»نىڭ مۇددەتسىز ئۇزار-تىشقا پائال قاتناشتۇق ۋە قوللىدۇق، ئەڭ كېچىككەندە 1996-يىلدىن ئۆتكۈزمەي يادرو قوراللىرى سىناقىنى ئومۇميۈزلۈك مەنئىي قىلىش شەرتنامىسىنى ھاسىل قىلىش نىشان قىلىنغان خەلقئارالىق سۆھبەتكە پائال قاتناشتۇق ۋە قوللىدۇق. جۇڭگو ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئاۋۋال يادرو قوراللىرى ئىشلەتمەيدىغانلىقىنى، يادرو قورالى يوق دۆلەت ۋە رايونلارغا يادرو قورالى ئىشلەتمەيدىغانلىقىنى بىر تەرەپ جاكارلىدى، ھەممە يادرو قورالى بار دۆلەتلەرنىڭ مۇشۇ جەھەتتە كېلىشىم ھاسىل قىلىشى ھەققىدە تەكلىپ بەردى. بىز ھەرقانداق دۆلەتنىڭ خەلقئارالىق پائالىيەتتە كىشىلىك ھوقۇقى مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا قەتئىي قارشى تۇردۇق، ھەممە بۇ يىل 3-ئايدا غەربتىكى بەزى دۆلەتلەر ب د ت كىشىلىك ھوقۇقى كومىتېتىدا ئوتتۇرىغا قويغان جۇڭگوغا قارشى تۇرۇش تەكلىپىنى يەنە بىر قېتىم بەربات قىلدۇق. ئېلىمىزنىڭ تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ۋە ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان باشقا خەلقئارالىق مۇناسىۋەت پرىنسىپلىرى ئاساسىدا تىنچ، مۇقىم، ئادىل، مۇۋاپىق بولغان خەلقئارا سىياسىي، ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپنى ئورنىتىش توغرىسىدىكى تەشەببۇسى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ماختى-شىغا ئېرىشتى.

## دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا

شياڭگاڭ، ئاۋمېن مەسىلىسى — تارىختىن قېپقالغان مەسىلە. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان چاغدا شياڭگاڭ، ئاۋمېن مەسىلىسىدە ھازىرقى ھالەتنى ساقلاپ تۇرۇش، مۇۋاپىق پەيتتە تىنچ سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ھەل قىلىش فاڭجېنىنى قوللاندۇق، ھەممە شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىگە ۋە جەمئىيىتىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا پايدىلىق بولغان بىرقاتار سىياسەتلەرنى قوللاندۇق. 1984-يىلى ۋە 1987-يىلى جۇڭگو بىلەن ئەنگلىيە، جۇڭگو بىلەن پورتۇگالىيە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئايرىم-ئايرىم ھالدا بىرلەشمە باياناتقا ئىمزا قويدى، ئېلىمىزنىڭ 1997-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ۋە 1999-يىل 12-ئاينىڭ 20-كۈنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا شياڭگاڭ ۋە ئاۋمېنگە بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقى ئېتىراپ قىلىندى. ھازىر شياڭگاڭنى قايتۇرۇۋېلىشقا يەنە ئىككى يىل قالدى، ئاۋمېننى قايتۇرۇۋېلىشقىمۇ تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتلا قالدى. شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ قايتۇرۇۋېلىنىشى ئەنگلىيە، پورتۇگالىيىنىڭ بۇ ئىككى جايغا بولغان مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، 1840-يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن بۇيان بىر يېرىم ئەسىر داۋاملاشقان دۆلەت ئار-نومۇسىنىڭ يۇيۇلغانلىقىدىن دېرەك

www.uyghurkitap.com

بېرىدۇ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ تەسەۋۋۇرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئاخىرقى ھېسابتا دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش نىشانىغا قاراپ تاشلىغان مۇھىم بىر قەدەم بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۈچۈن چوڭ ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋەتەنگە قايتۇرۇلغاندىن كېيىن، ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن، ئىككى جايدا ئايرىم-ئايرىم ھالدا مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بىۋاستە قارايدىغان ئالاھىدە مەمۇرىي رايون تەسىس قىلىنىدۇ. دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى مەركىزىي ھۆكۈمەت باشقۇرغاندىن باشقا، ئالاھىدە رايونلۇق ھۆكۈمەت يۇكسەك دەرىجىدە ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئالاھىدە رايونلۇق ھۆكۈمەت شۇ جايدىكى كىشىلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ئالاھىدە رايوننىڭ ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۆزگەرمەيدۇ، ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇنلىرى ئاساسەن ئۆزگەرمەيدۇ، ئالاھىدە رايون مۇستەقىل ئەدلىيە ھوقۇقىغا ۋە ئاخىرقى سوتلاش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئالاھىدە رايون ئەركىن پورتلۇق ۋە مۇستەقىل تاموژنا باج رايونلىق ئورنىنى ساقلاپ قالىدۇ، مالىيە مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالىدۇ، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئالاھىدە رايوندىن باج ئالمايدۇ. بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشلار شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ ۋە ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ رېئال ۋە كەلگۈسى مەنپەئىتىگە تولۇق ئېتىبار بېرىلگەن بولۇپ، ئىككى جاينىڭ ئۇزاق مۇددەت گۈللىنىشى ۋە مۇقىم بولۇشىنى قوغداشقا ۋە ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدى، خەلقئارادا يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى.

جۇڭگو بىلەن پورتۇگالىيىنىڭ ئاۋمېن مەسىلىسىدىكى ھەمكارلىقى بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق بولدى. شياڭگاڭ مەسىلىسىدە، جۇڭگو-ئەنگلىيە بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلىنغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەمكارلىقى ئوڭۇشلۇق بولدى. لېكىن يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، خەلقئارا ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگو-ئەنگلىيە بىرلەشمە باياناتىغا ۋە ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار كېلىشىمگە ئوچۇق-ئاشكارە ھالدا خىلاپلىق قىلىپ، ئاتالمىش ”سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى لايىھىسى“ دېگەن نەرسىنى جاھىللىق بىلەن يولغا قويۇپ، شياڭگاڭنىڭ تىنچ ھالدا ئۆتكۈنچى دەۋرىدىن ئۆتۈشى ۋە ھاكىمىيەتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈۋېلىنىشى ئۈچۈن نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلدى. بۇنىڭغا قارىتا، بىز قەتئىي قارشى تۇردۇق ۋە تىغمۇتىغ كۈرەش قىلدۇق. ئۆتكەن يىلدىن بۇيان، ئەنگلىيە تەرەپ جۇڭگو-ئەنگلىيە مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، شياڭگاڭ مەسىلىسىدە بىز بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم بىلدۈردى. بىز بۇنى قارشى ئالىمىز ھەمدە ئەنگلىيە تەرەپنىڭ تېزراق ئۆز ھەرىكىتىدە كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

نۆۋەتتە، 1997-يىلدىن كېيىن شياڭگاڭنى قايتۇرۇۋېلىش جەھەتتىكى تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلەر

پائال ئىشلەنمەكتە. كېلەر يىلى 1-ئايدا، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى رەسمىي قۇرۇلىدۇ. كۈندىن-كۈنگە گۈللىنىپ قۇدرەت تېپىۋاتقان ۋەتەننىڭ ئارقا تېرەك بولۇشى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ۋە شياڭگاڭلىق قېرىنداشلارنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشى ۋە قوللىشى بولغان يەردە، شياڭگاڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈۋېلىنىشى ۋە شياڭگاڭنىڭ تىنچ ھالدا ئۆتكۈنچى دەۋردىن ئۆتۈشىگە قارىتا تولۇق ئىشەنچكە ئىگىمىز. 1997-يىلىدىن كېيىن، شياڭگاڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى تېخىمۇ زىچلىشىپلا قالماي، بەلكى مۇھىم خەلقئارالىق پۇل مۇئامىلە، سودا، سۇ ترانسپورتى، ئۇچۇر ۋە ساياھەت مەركىزى بولۇش ئورنى چوقۇم ئۇزاققىچە ساقلىنىدۇ.

بۇ يىل جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ جياۋۇ ئۇرۇشىدىن كېيىن تەيۋەن ئارىلىنى ”بۆلۈپ بەرگەن“ «ماگۇەن شەرتنامىسى» ئىمزالانغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى. بىز بۇ خورلۇق تارىخنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمىز. بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن ياپونىيىنىڭ تەسلىم بولۇشى بىلەن، ئۇنىڭ تەيۋەنگە بولغان مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشىپ، تەيۋەن ۋەتەننىڭ قوينىغا قايتىپ كەلگەنىدى. لېكىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى-دىن، تەيۋەن بىلەن ۋەتەننىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ بىرلىكى ئەمەلگە ئاشالمىدى. دېڭىز بوغۇزىنىڭ ھەر ئىككى قىرغىقىدىكىلەر جۇڭگولۇقلار، ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشى ئىككى قىرغاقتىكى خەلقنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. ھەممە كىشى مۇشۇ ئارزۇدا، ھەممە كىشى شۇنىڭغا ئىنتىلىدۇ. تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تارىخىي ئېقىم. بەزى ”تەيۋەن مۇستەقىللىكى“ تەرەپدارلىرىنىڭ ئەسەبىلەشكەن ھالدا قانداقتۇر ” «ماگۇەن شەرتنامىسى»نى تەبرىكلەش“،”جۇڭگو بىلەن ۋىدالىشىش“، ”ياپونىيە ئارمىيە-سىنىڭ تەيۋەنگە كىرگەنلىكىنى خاتىرىلەش“ دېگەندەك ۋەتەنگە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغانلىقى ھەققەتەنمۇ ئەسلى زاتىنى ئۇنتۇپ قالغانلىق، ئۇلار جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يارىماس ئەۋلادلىرى، ئۇلارنىڭ بارلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەيىپلىشىگە ۋە توكۇرۇپ تاشلىشىغا ئۇچرىشى تەبىئىي ئىش.

بۇ يىل 1-ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن باش باھارنى كۈتۈۋېلىش چاي يىغىنىدا، باش شۇجى جياڭ زېمىن تەيۋەن مەسىلىسى توغرىسىدا «ۋەتەننىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئورۇنداشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، سەككىز تۈرلۈك قاراش ۋە تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بارلىق جۇڭگولۇقلارغا ئىنتىپاقلىشىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ئۇلۇغ تۇغنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىرلىكتە چىڭ تۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدە مۇراجىئەت چىقاردى. بۇ — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش، دۆلەتنى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسىدا ئېلان قىلغان مۇھىم خىتابنامىسى. رەئىس جياڭ زېمىننىڭ سۆزى تەيۋەن ئارىلىدا ۋە چەت ئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلار ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس

قوزغاپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىنى كۈچلۈك ھالدا ئىلگىرى سۈردى. بىز دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ۋاڭ داۋخەن-گۇ جېنپۇ كۆرۈشۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى قارشى ئالىمىز، تەيۋەن دائىرىلىرىنىڭ "تەيۋەن مۇستەقىللىكى" تەرەپدارلىرىغا مەدەت بەرمەسلىكىنى، يول قويماسلىقىنى، "ئىككى جۇڭگو"نى، "بىر جۇڭگو، بىر تەيۋەن"نى پەيدا قىلىشقا قىزىقماسلىقىنى، بەلكى خەلقىنىڭ رايىغا بېقىپ، "ئۈچ جەھەتتىكى ئالاقە"نى بالدۇرراق ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئىككى قىرغاقنىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ئۇلۇغۋار ئىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئاز-تولا ئەمەلىي ئىش قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**تەرجىمە قىلغۇچى: تەلئەت ئىبراھىم**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# كۆك فەنسىننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىن يېڭى دەۋردىكى پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە نەزەر

چېن يەنمىڭ

يولداش كۆك فەنسىن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش دەۋرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر ئەۋلاد رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى، روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىر ئىلغار تىپ. ئۇنىڭ غەربىي شەندۇڭدىكى بىر ئاددىي دېھقاننىڭ ئوغلىدىن مۇنەۋۋەر پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىر بولۇپ يېتىلىشىدىكى سەۋەب پارتىيىنىڭ تەربىيىسىدىن، دەۋرنىڭ يېتىلدۈرۈشىدىن باشقا، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى. ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرى پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالدى، ئۇنىڭ روھى ھەر مىللەت خەلقىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى ۋە تەربىيىلىدى. ئۇ بىزنىڭ لياۋچېڭنىڭ غۇرۇرى بولۇپلا قالماي، پۈتۈن جۇڭگونىڭ، بولۇپمۇ پارتىيىمىزنىڭمۇ غۇرۇرى.

يولداش كۆك فەنسىن لياۋچېڭ شەھىرى تاڭيى بازىرى ۋۇلىدۇن كەنتىدىن، ئۇ ئۆزىنىڭ 50 يىللىق ھاياتىدا، ئىككى قېتىم شىزاڭغا ياردەمگە بارغاندىن باشقا، كۆپىنچە ۋاقىتلىرىدا لياۋچېڭ رايونىدا ئىشلىگەن ۋە ياشىغان. ئۇ ھەم يۇرت خەلقىنىڭ تىرىشچان-ئىقتىسادچىل بولۇش، ئاددىي-ساددا بولۇش، قىزغىن بولۇش، خۇشخۇي بولۇشتەك گۈزەل ئەخلاقىغا ۋارىسلىق قىلغان، ھەم ھۆكۈمەت ئىشىنى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەش، خەلقنى سۆيۈش، پاك-دىيانەتلىك بولۇشتەك پارتىيىلىك كادىرلاردا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەتنى يېتىلدۈرگەن. بىز ۋىلايەتلىك پارتكومدىكى بىر بەن كىشىلەر يولداش كۆك فەنسىننى ئەسلەش ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىش جەريانىدا شۇنى ھېس قىلدۇقكى، ئەگەر بارلىق پارتىيىلىك كادىرلار كۆك فەنسىندەك بولىدىغان بولسا، پارتىيىمىز ئامما ئارىسىدا غايەت زور تەسىرلەندۈرۈش كۈچى، جەلپ قىلىش كۈچى ۋە ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ھاسىل قىلالايدۇ، خەلق ئاممىسى بىلەن بېلىق بىلەن سۇدەك بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدىغان، ھايات-ماماتتا بىرگە بولىدىغان يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتالايدۇ. يولداش كۆك فەنسىننىڭ شانلىق ھاياتىنى خۇلاسىلەش يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە نىسبەتەن مۇھىم بىر قوزغىتىش ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، كەڭ پارتىيىلىك كادىرلار تارىخ تاپشۇرغان مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن، يولداش كۆك

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

فەنسېندىن ئۆگىنىپ، تەربىيىلىنىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك.

بىرىنچى، تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىش پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىشىنىڭ ئېھتىياجى. كومپارتىيە ئەزالىرى پارتىيىۋىلىكتە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىشى كېرەك. يولداش كۆڭ فەنسېن كۈچلۈك پارتىيىۋىلىككە ئىگە، ئۇ ھەر ۋاقىت پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا بويسۇنۇپ، پارتىيىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىپ، ئىككى قېتىم يۇرتىدىن ئايرىلىپ، شىزاڭغا ئون يىل ياردەم بېرىپ، ياشلىق باھارى ۋە ھاياتىنى شىزاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا تەقدىم قىلغان؛ ئۇ ئۆزىنى پاك تۇتۇپ، كوممۇنىستلارنىڭ ئېسىل خىسلىتىنى ئىزچىل ھالدا داۋاملاشتۇرغان. ئوخشاشلا پارتىيىنىڭ كادىرى بولغان بەزى كىشىلەر نام، مەنپەئەت قوغلىشىپ، مەنپەئەتنى دەپ ئەقلىدىن ئېزىپ، خىيانەتچىلىك قىلىپ چىرىكلەشكەن، پارتىيىنىڭ مەقسىتىنى ئۇنتۇپ قالغان. ئۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى بوشاشتۇرۇپ قويغان. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، جەمئىيەتتىكى بەزى ساغلام بولمىغان ئىدىيە ۋە غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ چىرىك قىممەت قارىشى پارتىيە ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ، پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئىستىلىگە تەسىر كۆرسىتىپ، بىر قىسىم پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشىنى، ھوقۇق-پۇل سودىسى قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يېڭى ۋەزىيەت كەڭ پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ھەم سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، خەلق ئاممىسىنى يېتەكلەپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولىدىكى تۈرلۈك قىيىن ئۆتكەللەردىن ئۆتۈشىنى، ھەم پۈلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك ۋە چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك قاتارلىق چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ چىرىتىشىدىن ھەر ۋاقىت پەخەس بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. «ئادەم ئۆز نەپسىنى يىغىش خۇددى كېمىنى ئېقىمغا قارشى ھەيدىگەندەك بىر ئىش بولۇپ، ئەمدىلا توختىتىشقا چېكىنىپ كېتىدۇ، ياخشىلىق قىلىش خۇددى شاخسىز دەرەخكە يامىشىپ چىققاندەك بىر ئىش بولۇپ، ئەمدىلا تۇرۇشقا سىيرىلىپ چۈشىدۇ» دېگەن گەپ ئوبدان ئېيتىلغان. پارتىيىلىك كادىرلار پەقەت ئۈزلۈكسىز ھالدا تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىپ، پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتكەندىلا، ئاندىن ھەر خىل چىرىك ئىدىيىنىڭ چىرىتىشى ئالدىدا تەۋرەنمەي پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ، ئاندىن پارتىيىۋىلىكنى پاكلاشتۇرۇپ، ئىدىيە جەھەتتە چىرىتىشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان مۇداپىئە لىنىيىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، مەڭگۈ يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالايدۇ.

ئىككىنچى، تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىش پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئۇلۇغۋار غايىنى تۇرغۇزۇشىنىڭ ئېھتىياجى. پارتىيىنىڭ ياخشى كادىرى كۆڭ فەنسېننىڭ پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى ۋە ھاياتىنى ئايىماي تەقدىم قىلالىشى ئۇنىڭ يۈكسەك غايىگە ئىگە بولغانلىقى ھەمدە بۇ غايىگە ھارماي-تالماي ئىنتىلگەنلىكى ۋە تۆھپە قوشقانلىقىدىندۇر. بەزى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ چۈشكۈنلىشىپ ئۆزگىرىپ كېتىشى-

ـدىكى بىرىنچى مۇھىم سەۋەب ئۇلارنىڭ غايىنى يوقاتقانلىقىدىن ئىبارەت: ئۇلاردا خەلق ئۈچۈن خىزمەت
قىلىش ئىدىيىسى سۇسلىشىپ، پۇلپەرەسلىك ئىدىيىسى كۈچىيىپ كەتكەن؛ ئامىمىنىڭ مەنپەئىتىنى ئاز ئويلاپ،
شەخسىي راھىتىنى كۆپ ئويلايدىغان بولغان؛ خەلق تاپشۇرغان ئىشنى ساداقەت بىلەن ئىشلىمەي، ھوقۇق-
دىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، خەلقنىڭ ئىشلىرىغا دەخلى يەتكۈزگەن؛ ھۆكۈمەت نامىدا ئېلىپ،
ئۆز چۆنتىكىگە سېلىپ، ئومۇمغا زىيان سېلىپ ئۆزىنى سەمرىتىپ، ئومۇمنىڭكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ،
پۇل، نام-مەنپەئەت ۋە شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى ئالدىدا يىقىلىپ قالغان. يېڭى ۋەزىيەت ئالدىدا،
كەڭ پارتىيىلىك كادىرلىرىمىزنىڭ پرولېتارىيات دۇنيا قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ھەر ۋاقىت ئۇلۇغۋار
غايە ئارقىلىق ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرۇشى، پارتىيىۋىلىك ئارقىلىق ئۆزىنى تەكشۈرۈشى، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە
دۆلەت قانۇنى ئارقىلىق ئۆزىنى مىزانغا سېلىشى ۋە چەكلىشى تېخىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى. پارتىيىلىك
رەھبىرىي كادىرلار پاك ئەمەلدار بولۇپ، سەممىي ئىش قىلىپ، ئۆزىنى دۇرۇس تۇتۇشى لازىم. ئۇلۇغۋار
غايىگە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن ئەخلاقسىز ئىشنى قىلماسلىق، ھارام پۇلنى ئالماسلىق، ناتوغرا كەيپىياتنى
ئۆزگە يۇقتۇرۇۋالماسلىق، قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى قىلماسلىق تەلپىنى ئورۇندىغىلى بولىدۇ. ئۇلۇغۋار غايە
تۇرغۇزغاندىلا، ئاندىن كەسپىگە ئىنتىلىدىغان، تۆھپە قوشۇشقا بېرىلىدىغان روھقا، كۆكس-قارنىنى كەڭ
تۇتىدىغان، ئۇچۇق-يورۇق ئىش قىلىدىغان مىجەزگە، ئادىل ئىش قىلىدىغان، ئادىللىقنى قوغدايدىغان
ۋىجدانغا، كىشىلەرگە سەممىي مۇئامىلە قىلىدىغان، ئۆزىنى كەمتەر تۇتىدىغان پەزىلەتكە ئىگە بولغىلى
بولىدۇ. خۇددى يولداش ليۇ شاۋچى ئېيتقاندەك، ”پرولېتارىياتنىڭ ئاڭ-پىكرى ئارقىلىق ئۆزىدىكى غەيرىي
پرولېتارىيات ئاڭ-پىكىرلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش، كوممۇنىستىك دۇنياقاراش ئارقىلىق ئۆزىدىكى غەيرىي
كوممۇنىستىك دۇنياقاراشلارغا قارشى كۈرەش قىلىش، پرولېتارىياتنىڭ، خەلقنىڭ، پارتىيىنىڭ مەنپەئىتىنى
ھەممىدىن ئەلا بىلىش پرىنسىپى ئارقىلىق ئۆزىدىكى شەخسىيەتچىلىك ئىدىيىسىگە قارشى كۈرەش قى-
لىش“نى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىش پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ مەقسەت قارىشىنى چىڭىتىشنىڭ ئېھتى-
ياجى. جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش — پارتىيىمىزنىڭ تۈپ مەقسىتى، خەلق
ئاممىسى — كۈچ-قۇۋۋىتىمىزنىڭ مەنبەسى ۋە غەلىبىمىزنىڭ ئاساسى، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش —
پارتىيىمىز زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن ۋە ئىزچىل تۇردە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئېسىل
ئەنئەنە ۋە ئىستىل. يولداش كۆڭ فەنسېن قۇربان بولغاندىن كېيىن، كەڭ خەنزۇ ۋە زاڭزۇ ئاممىسىنىڭ
ئىنتايىن ھەسرەت چەككەنلىكى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى قىلچە ئويلىماي، باشقىلارنىڭلا مەنپەئىتىنى
ئويلايدىغان، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ھەر ۋاقىت ئاممىنى ئېسىدە
ساقلايدىغان، ئاممىنى ئۇنۇتمايدىغان، ھەممىدە ئامما ئۈچۈن ئىشلەيدىغان چاكارلىق قەلبىگە ئىگە بولغانلىقى-

دىندۇر. ئۇنىڭ ئىككى نەپەر زاكىزۇ يېتىم بالىنى بېقىش ئۈچۈن تۆت قېتىم قېنىنى سېتىشى ئاما ئۈچۈن بولغان؛ ئۇ ئاممىنى ئويلاپ ئاچلىق ۋە سوغۇققا بەرداشلىق بېرىپ، 6300 كىلومېتىر يول يۈرۈپ، خېيىم-خەتەر ۋە ئاپەتتىن جىددىي قۇتقۇزۇش ئېلىپ بېرىپ، كەمبەغەللەرنى يوقلاپ ھال-ئەھۋال سوراپ، ئالى رايوندىكى مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان ئائىلىلەرنى يوقلىغان؛ ئۇ قۇربان بولۇشتىن بىر كۈن بۇرۇنقى ئاخشىمى بۇ دۇنياغا قالدۇرۇپ كەتكەن ئاخىرقى خېتىدە ئالى ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا 12 مەسىلىنى بايان قىلغان، بۇ چاغدا ئۇ كۆڭلىدە يەنىلا ئاممىنى ئويلىغان. ئۇ ئۆتتەك قىزغىن قەلبى بىلەن پارتىيىنىڭ مېھرى-شەپقىتىنى زاكىزۇ قېرىنداشلارغا يەتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ تەبىئىي سۆز-ھەرىكىتى ئارقىلىق خەلق چاكىرىنىڭ ئۇلۇغ ئوبرازىنى ياراتقان. دەۋر كەڭ پارتىيىلىك كادىرلاردىن پارتىيىنىڭ ئاما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش، ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتىپ، خەلققە بەخت يارىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشلار داۋامىدا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈپ، غايىنى، ئومۇمىيلىقنى، تۆھپە يارىتىشنى تەكىتلەپ، ”غەم-قايغۇدا باشقىلار-نىڭ ئالدىدا تۇرۇش، راھەت-پاراغەتتە باشقىلارنىڭ كەينىدە تۇرۇش“نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، خەلقنىڭ ھىمايە قىلغان-قىلمىغانلىقىنى، قوللىغان-قوللىمىغانلىقىنى، خۇشال بولغان-بولمىغانلىقىنى، ماقۇل بولغان-بولمى-غانلىقىنى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى مەقسىتى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

كۇڭ فەنسېننىڭ شانلىق ھاياتى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئۈچۈن يېڭى دەۋرنىڭ بىر ئۈلگىسىنى تىكلىدى. يېڭى تارىخىي دەۋردە، پارتىيىلىك كادىرلار ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، يولداش كۇڭ فەنسېنگە ئوخشاش ئۆزىنى دەۋرنىڭ ئالدىنقى سېپىگە قويۇپ، پارتىيىنىڭ تەربىيىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەربىيىلىنىشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەي-تىشى كېرەك.

**كۇڭ فەنسېنگە ئوخشاش توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تىكلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن ئاكتىپلىق ھالدا ئۆز كۈچىمىزنى تەقدىم قىلىشىمىز كېرەك.** ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، بىز بارلىق پارتىيىلىك كادىرلار مۇنداق قاتتىق سىناققا دۇچ كەلمەكتىمىز: ئۆزىمىزنىڭ مەنسىپى، بايلىقى، كىچىك ئائىلە مەنپەئىتى ئۈچۈنلا جان تىكىپ ئىشلىشىمىز كېرەكمۇ ياكى دۆلەتنى باي-قۇدرەتلىك قىلىش، مىللەتنى روناق تاپقۇزۇش ۋە خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ھارماي-تالماي

كۆرەش قىلىشىمىز كېرەكمۇ؟ ئۆزىمىزنىڭ پايدا-زىيىنى، بەخت-سائادىتى ۋە بالا-قازاسى، شان-شەرىپى ۋە ئار-نومۇسىغىلا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەكمۇ ياكى پارتىيە ۋە خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئۇنۇتقان هالدا ئىشلەپ، ئۆزىمىزنىڭ بارلىقىنى قىلچە ئايىمىغان هالدا تەقدىم قىلىشىمىز كېرەكمۇ؟ بۇ سىناقتا يولداش كوڭ فەنسېن لاياقەتلىك جاۋاب بەرگەن. ئۇنىڭ مۇنداق قىلالىشى توپ ئاساسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ پرولېتارىياتلىق كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تۇرغۇزغانلىقىدىن بولغان. مۇشۇنداق ئىدىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى هەممىدىن ئەلا بىلىپ، ئائىلە قىيىنچىلىقىغا قارىماي، پارتىيە نېمە دېسە شۇنى قىلىپ، ئەڭ جاپالىق جايغا بېرىپ ئىشلىگەن؛ هېچنېمىدىن قورقمايدىغان روھ بىلەن جاپا-مۇشەققەت ۋە خېيىم-خەتەرلەرنى يېڭىپ، قەيسەرلىك بىلەن ئىشلەپ، شىزاڭغا ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇنداپ، پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلق ئىشلىرى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى ۋە پۈتۈن هاياتىنى ئايىمايدىغان سەلتەنەتلىك سەھىپىنى يېزىپ قالدۇرغان. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئالدىنقى-لار قىلىپ باقمىغان ئۇلۇغ ئىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا بىرنەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ بولۇپمۇ بىرنەچچە ئەۋلاد كوممۇنىستلارنىڭ هارماي-تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە توغرا كېلىدۇ. هەر بىر هەقىقىي كوممۇنىست، ئىنقىلابىي كادىر يولداش كوڭ فەنسېننى ئۈلگە قىلىپ، توغرا غايە، ئېتىقاد ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى مۇستەهكەم تۇرغۇزۇپ، كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئالىي نىشانى قىلىشى هەمدە بۇ خىل ئالىي غايىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن چىڭ بىرلەشتۈرۈپ، كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى ۋە خالىس تۆھپە قوشۇش روهى بىلەن ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ، كادىرلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قىممىتىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**كوڭ فەنسېنگە ئوخشاش پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى ۋە ئىستىلىنى داۋاملاشتۇرۇپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئايرىلماس مۇناسىۋىتىنى زىچلاشتۇرۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز كېرەك.** يولداش كوڭ فەنسېننىڭ هاياتى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغان هايات. ئۇ ئاممىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئۈستۈن قويۇپ، هەمىشە ئامما ئەڭ قىيىن ئەهۋالدا قالغان چاغدا ئامما ئالدىدا پەيدا بولغان، ئامما ياردەمگە ئەڭ موهتاج بولغان چاغدا ئاممىغا ياردەم بەرگەن، ئۇ خەلق ئاممىسىنى ئۆزىنىڭ دىلى، ئۆزىنىڭ قېنى، ئۆزىنىڭ هاياتى بىلەن سۆيگەن. بۇ ئۇنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىدە يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولۇشىدىكى توپ سەۋەبلەرنىڭ بىرى. بىز هازىر ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش

www.uyghurkitap.com

ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشى، پەقەت ئاممىغا ئىشىنىپ، ئاممىغا تايىنىپ، ئاممىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنى توپلاپ، سەممىي نىيەت بىلەن ئاما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ، ئاممىغا مەنپەئەت يەتكۈزگەندىلا، ئاندىن خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئالغا بېسىش داۋامىدىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار يولداش كۇڭ فەنسېنگە ئوخشاش ئاممىۋى كۆزقاراشنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، خەلق ئاممىسىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىشى كېرەك. مۇشۇنداق مۇھەببەتكە ئىگە بولغاندا، ئاڭلىق ھالدا خەلق ئاممىسى بىلەن بىر جان-بىر تەن بولۇشۇپ كەتكىلى، خەلق ئاممىسى بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولغىلى بولىدۇ؛ مۇشۇنداق مۇھەببەتكە ئىگە بولغاندا، خەلقنىڭ چاكىرى بولۇشقا رازى بولۇپ، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغىلى بولىدۇ؛ مۇشۇنداق مۇھەببەتكە ئىگە بولغاندا، خەلق ئاممىسى بىلەن ئىزچىل ھالدا قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ، پارتىيە بىلەن ئاما، كادىرلار بىلەن ئاما ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەقىقىي تۈردە بېلىق بىلەن سۇدەك ئايرىلماس مۇناسىۋەت بولۇپ شەكىللىنەلەيدۇ، پارتىيىمىز رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يۈز مىليونلىغان خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولالايدۇ، ئىشلىرىمىزنىڭ غەلىبىسى كاپالەتكە ئىگە بولالايدۇ.

**يولداش كۇڭ فەنسېنگە ئوخشاش پاك-دىيانەتلىك بولۇپ، چىرىك ئىدىيە ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ تەسىرىنى ۋە چىرىتىشىنى ئاڭلىق ھالدا توسۇپ، ئىزچىل ھالدا كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ ئىلغارلىقىنى، پاكلىقىنى ساقلىشىمىز كېرەك.** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىدىن باشقا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە مەنپەئىتى يوق. پاك-تەلەپچان بولۇش، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەش كوممۇنىستلاردا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەت. كۇڭ فەنسېن ئۇزاق مۇددەت رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بولسىمۇ، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئالاھىدە بولۇۋالىدىغان، شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلىدىغان ئىشلارنى زادىلا قىلمىغان. ئۇ پارتىيىنىڭ ئىنتىزامى ۋە بەلگىلىمىسىنى نەمۇنىلىك ھالدا ئىجرا قىلىپ، ھەممە ئىشتا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويغان. شىزاڭدا خىزمەت قىلغان ئون يىل جەريانىدا، ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىقنى دەپ يۇرتىدىكى پارتىيە تەشكىلاتىغا ھېچقانداق تەلەپ قويۇپ باقمىغان. ئۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولسىمۇ، قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسە-كېرەكلەر تىزىملىكىدىن ئاران 8.6 يۈەن پۇل بارلىقى مەلۇم بولغان. يولداش كۇڭ فەنسېننىڭ بۇ خىل ئېسىل پەزىلىتى ۋە ئالىيجاناب خىسلىتى بىزنىڭ يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا پارتىيە ئىستىلى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىز، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق ھېسابلىنىدۇ.

پارتىيىمىز ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە، ھەم ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇشنىڭ سىنىقىغا، ھەم ئىسلاھات-ئېچى-ۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ سىنىقىغا دۇچ كەلمەكتىمىز. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، يولداش كوڭ فەنسېننىڭ پاك-دىيانەتلىك بولۇش، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئۇمۇم ئۈچۈن ئىشلەش روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇشىمىز تېخىمۇ زۆرۈر بولماقتا، بىز كوممۇنىستلارنىڭ ئەسلى خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلاپ، قولىمىزدىكى ھوقۇقنى توغرا ئىشلىتىپ، بۇرژۇئا چىرىك ئىدىيىسىنىڭ ۋە تۈرمۇش ئۇسۇلىنىڭ تەسىرىنى ۋە چىرىتىشىنى ئاڭلىق ھالدا توسۇپ، شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلمەي، يەكدىللىق بىلەن ئۇمۇم ئۈچۈن ئىشلىشىمىز لازىم.

بىر تىپ بىر بايراق، بىر ئەينەكتۇر. يولداش كوڭ فەنسېننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە نەزەر سېلىپ ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى ئەمەلىيىتىمىزگە بىرلەشتۈرۈپ شۇنى ھېس قىلدىمكى، كوڭ فەنسېن-دەك بىر پارتىيىلىك كادىر بولۇش ئۈچۈن چوقۇم مۇنۇلارنى ئورۇنداش كېرەك: بىرىنچى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش كېرەك. ماركسىزملىق نەزەرىيىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش — پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم يولىنىڭ بىرى. چۈنكى ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ھەمىشە بەلگىلىك ئاڭ-پىكىرنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ. ھالبۇكى كىشىلەرنىڭ ئاڭ-پىكىرنىڭ شەكىللىنىشى ھەمىشە بەلگىلىك ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىۋىلىك كۆزقارىشى ۋە پارتىيىۋىلىك ئېڭىنى كۈچەيتىش ئىشىمۇ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەشتىن ئايرىلالمايدۇ. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ پۈتۈن بىر يۈرۈش توغرا نەزەرىيە، لۇشيەن ۋە فاڭجېن-سىيا-سەتلىرىنى پەيدىنپەي ئوتتۇرىغا قويدى ۋە شەكىللەندۈردى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پۈتۈن پارتىيە ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. يولداش جياڭ زېمىن: پارتىيىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى يۈكسىلىشى پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ توغرىلىقى، ئىلمىيلىكىنىڭ تۈپ كاپالىتى، دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: نۇرغۇن رەھبىرىي كادىرلار كۈندىلىك ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى بوشاشتۇرۇپ قويىدىغان، ئىدىيىۋى-سىياسىي ھالەتكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئەھۋالنى قەتئىي تۈزىتىپ، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈ-كىنى ھەقىقىي تۈردە ئاشۇرۇش كېرەك. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەن-دىلا، بىز ئاندىن ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىنى شەكىللەندۈرەلەيمىز، ئاندىن ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى داۋامىدا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدا ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيمىز. ئىككىنچى،

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە پائال ئاتلىنىش كېرەك. ئەمەلىيەتمۇ پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم مەنبەسى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنىڭ بىرى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەمەلىيەت پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشتا تېخىمۇ بىۋاستە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيىنى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى قانچىلىك دەرىجىدە قوبۇل قىلىشى كۆپرەك ئەمەلىيەت سەۋىيىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. نۆۋەتتە، بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى پارتىيىمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان يېڭى ئۇلۇغ ئەمەلىيەتتۇر، بۇ ئەمەلىيەتكە پائال ئاتلىنىش پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ھالدا يېڭى ئوزۇق قوبۇل قىلىپ، ئۆز بىلىمىنى ئاشۇرۇشى ۋە تولۇقلىشىغا، ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكنى ئۈزلۈكسىز بايقاپ ۋە تۈگىتىپ، پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشكە ياردەم بېرىدۇ. ئۈچىنچى، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇشقا ئاكتىپ، ئەستايىدىل قاتنىشىش كېرەك. پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە تەشكىلاتى ۋە يولداشلارنىڭ نازارىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىشى كېرەك، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقتۇرۇشتا زور مەسئۇلىيىتى بار. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىۋىلىك جەھەتتىكى چېنىقىشى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ياردىمىدىن ۋە نازارەت قىلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، ھەر بىر پارتىيىلىك كادىر پارتىيىنىڭ بىرەر تەشكىلاتى ئىچىدە پائالىيەتكە قاتنىشىپ، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتىن ئىبارەت بۇ قورال بىلەن پارتىيىۋىلىك جەھەتتىكى چېنىقىشنى كۈچەيتىشى كېرەك. بىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا چىققىشى ئۇنىڭ پارتىيىۋىلىك ئېڭىنىڭ تەبئىي ھالدا ئۆسكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئۇنىڭ پارتىيىۋىلىك جەھەتتىكى چېنىقىش ۋەزىپىسىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلاش-قانلىقىنىلا بىلدۈرىدۇ. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تەلىپىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئاكتىپ ھالدا تەشكىلىي تۇرمۇشقا قاتنىشىش-قاتنىشالماسلىقى، ئاكتىپ ھالدا نازارەتنى قوبۇل قىلىش-قىلالماسلىقى ئۈزلۈكسىز ھالدا پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىش-كۈچەيتەلمەسلىكتىكى مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىۋىلىكنى ئۆلچەشتىكى مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭمۇ بىرى. ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇشقا پائال قاتنىشىشى، تەشكىل ۋە يولداشلارنىڭ نازارىتى، ياردىمى ئاستىدا، پارتىيىۋىلىك جەھەتتىكى تەربىيىلىنىش سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

**(ئاپتور: ج ك پ لياۋچېڭ ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: تەلئەت ئىبراھىم**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم تەدبىرى

لى جۈنرۇ

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدا: ”پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق تۈردە بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى ئۈزلۈكسىز تۈردە كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ راۋاجلاندۇرۇش لازىم“ دەپ كۆرسىتىلدى. دېمەك بۇ، بىزنىڭ 14-قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يېقىندا تارقاتقان «يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش پروگراممىسى»نى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ئۈزلۈكسىز تۈردە كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم تەدبىرىدۇر.

## نۆۋەتتىكى نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ ئەھۋالى ۋە ۋەزىپىسى

پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدا دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ پۈتۈن پارتىيىدىكى يېتەكچىلىك ئورنى تىكلىنىپ، بۇ نەزەرىيە بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ، ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. 14-قۇرۇلتايدىن بۇيان، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نەزەرىيە خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشقا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بىرقاتار مۇھىم ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. پۈتۈن پارتىيىدە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى مەركىزىي مەزمۇن قىلغان نەزەرىيە ئۆگىنىشى ئىككى تەرەققىيات باسقۇچىنى باشتىن كەچۈردى:

www.uyghurkitap.com

بىرىنچى باسقۇچ، پۈتۈن پارتىيە بويىچە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ 1992-يىلىنىڭ بېشىدا جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزىنى ۋە 14-قۇرۇلتاينىڭ دوكلاتىدا يىغىنچاقلانغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش باسقۇچى بولدى.

ئىككىنچى باسقۇچ، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، مەركەز 3-تومنى ئۆگىنىش توغرىسىدا مەخسۇس قارار چىقىرىپ، يولداش جياڭ زېمىن ئۆگىنىش دوكلاتى يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، پۈتۈن پارتىيىدىن ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلار بويىچە تۆت قارار نەزەرىيە مۇھاكىمە كۇرسى ئېچىلىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ باشلامچىلىقىدا نەزەرىيە ئۆگىنىشى دولقۇنىغا كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ-دىن كېيىن يەنە «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 1-، 2-توملىرى تولۇقلاپ، تۈزىتىش كىرگۈزۈپ نەشر قىلىنىپ، ئەسلى ئەسەرلەرنى ئۆگىنىشنى ئاساس قىلغان بۇ نەزەرىيە ئۆگىنىش دولقۇنىنىڭ قەدەممۇ قەدەم چوڭقۇر راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

مەركەز چىڭ ھەم كۈچلۈك تۇتقانلىقتىن، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئۈنۈملۈك خىزمەت ئىشلىگەچكە، نەزەرىيە ئۆگىنىشىدە خۇشاللىنارلىق ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، ئومۇمىي ۋەزىيەت ياخشى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز ساقلىنىۋاتقان مەسىلە ۋە يېتەرسىزلىكلەرنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز لازىم. ئاساسلىق مەسىلە شۇكى، نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس، كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. بەزى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلۈشكە توغرا كېلىدۇ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىنىڭ ئۆگىنىشىدە تەشكىللەش ۋە يېتەكلەشنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ 4-قارارلىق نەزەرىيە مۇھاكىمە كۇرسىدىكى كۇرسانتلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تونۇشىمىزنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشىمىز، ئۆگىنىشىمىزنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز، بۇ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە يېتەكچى قىلىش جەھەتتە داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز، پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى يەنىلا كۆپلىگەن جاپالىق، ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ئىشلىشى لازىم." 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنى ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆگىنىش ھەرىكىتىنى بىر قېتىم قانات يايدۇرۇپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ئۈزلۈكسىز تۈردە كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ راۋاجلاندۇرۇشنى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۆگىنىشنى كەڭلىككە قاراپ راۋاجلاندۇرۇش دېگەنلىك، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى

رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ ئوبدان تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىنى يەنىمۇ ياخشى تۇتۇش ھەمدە كەڭ ئاممىنىڭ بولۇپمۇ بىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ۋە كەڭ ياشلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىنى پائال يېتەكلەش ۋە ياخشى ئۇيۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلۇققا قاراپ راۋاجلاندۇرۇش دېگەنلىك، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسلى ئەسەرلە-رىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق ئىگەللەش چەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىلمىي پوزىتسىيىدە ۋە ئىجادكارلىق روھىدا چىڭ تۇرۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش، نەزەرىيىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق نۆۋەتتىكى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش، بولۇپمۇ سوتسىيالىزمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىملىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىكى ئاڭلىقلىق ۋە قەتئىيلىكنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت.

## «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى چوڭقۇر ئۆگىنىش ئۈچۈن مۇھىم قوشۇمچە ماتېرىيال

مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرۇپ يازدۇرغان «يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيا-لىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش پروگراممىسى» مەركەزنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن بېسىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، مۇقەررەر ھالدا ئاللىبۇرۇن شەكىللەنگەن نەزەرىيە ئۆگىنىش دولقۇنىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

بىرىنچىدىن، خۇددى مەركەزنىڭ بۇ «پروگرامما»نى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىدا دېيىلگەندەك، ئۇ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ ئىدىيىسىنى بىرقەدەر ئەتراپلىق ۋە توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن پايدىلىق.

60 نەچچە مىڭ خەتلىك، 100 ماددىلىق بولغان «پروگرامما» ”يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى — زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى“، ”يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئىلمىي سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى“، ”پۈتۈن پارتىيە-

نى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە يۈز يىلغىچە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش» دېگەن ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ بايان قىلىندى.

بۇنىڭ ئىچىدە، ئىككىنچى قىسمى «پروگراممىا»نىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا دېڭ شياۋپىڭ-نىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئىلمىي سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى 16 تەرەپتىن بايان قىلىندى. بۇ 16 تەرەپ مۇنۇلاردىن ئىبارەت: سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنى توغرىسىدىكى نەزەرىيە، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات يولى توغرىسىدىكى نەزەرىيە، سوتسىيا-لىزمنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە، سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى نەزەرى-يە، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىيات ستراتېگىيىسى توغرىسىدىكى نەزەرىيە، سوتسىيالىزم تەرەققىياتى-نىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتى-شى توغرىسىدىكى نەزەرىيە، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى نەزەرىيە، سوتسىيا-لىستىك سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى نەزەرىيە، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى نەزەرىيە، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ سىياسىي كاپالىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيە، سوتسىيالىس-تىك دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە ستراتېگىيىسى توغرىسىدىكى نەزەرىيە، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى نەزەرىيە، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تايانچ كۈچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئارمىيە ۋە دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى نەزەرىيە، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى توغرىسىدىكى نەزەرىيە. بۇ 16 تەرەپ ئىچىدە، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەن يەنى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيە ھەممە نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان ئاساسىي رىشتە بولۇپ، پۈتۈن نەزەرىيىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسىدۇر؛ ”سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك“ دېگەن بۇ ئەڭ مۇھىم بولغان ئاساسلىق نەزەرىيە مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ھەرقايسى نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەر تەڭ ھەل قىلىدىغان مەركىزىي مەسىلە؛ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدەك ئاساسىي ئەھۋالنى نەزەرگە ئېلىپ تاپقان ”بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا“نى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان، باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنى نىشان قىلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تەرەققىيات يولى پۈتۈن نەزەرىيىنىڭ يادرولۇق قىسمى؛ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغدا كەلتۈرۈش، ھەم تىنچلىق يولى بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى؛ پارتىيە رەھبەرلىكىدە، كەڭ خەلق ئاممىسىغا تايىنىپ، ئارمىيە ۋە دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئاساسىي كۈچى. دېمەك، بىز

شۇنى ئۇچۇق كۆرەلەيمىزكى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىنى ئاساس، سوتسىيالىزم قۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى مەركەز قىلغان، بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق بولغان بىر قاتار نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەردىن تەركىب تاپقان ئىلمىي سىستېمىسىدۇر.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بىزنىڭ بۇ نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىغا ھەم ئۇنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىغا بولغان تونۇشىمىز ئەمەلىيەتنىڭ داۋاملىشىشى ۋە تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ، بېيىيدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ، بىراق بۇ نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىغا ئىگە بولغان، زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى ئىكەنلىكىدە شەك يوق، بۇ ھەقتە تەۋرەنمەس، ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىمىز لازىم.

بىز شۇنى بىلدۇقكى، «پروگرامما»دا بۇ نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىنى بايان قىلغاندا، ھەرقايسى بابنىڭ ئاساسىي ماۋزۇسىدا ئاساسەن دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇپەسسەل بايانلىرى ئىشلىتىلگەن؛ ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى مەزمۇنلىرىنى بايان قىلغاندا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسلى سۆزى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى مۇھىم ھۆججەتلىرىدىكى سۆزلەر كۆپ نەقىل كەلتۈرۈلگەن. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، ھەرقايسى نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ بايان قىلىنىشمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ شۇ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە شەرھلەش ۋاقتىدىكى پىكىر يولى بويىچە بولغان. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى مۇشۇنداق ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، شۈبھىسىزكى، «پروگرامما»نىڭ ئىلمىيلىكى ۋە نوپۇزى كۈچەيتىلگەن.

ئىككىنچىدىن، مەركەز بۇ «پروگرامما»نى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دەپ تەكىتلىگەن: ئۇ، پۈتۈن پارتىيە بويىچە ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرىي كادىرلارنىڭ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن مۇھىم قوشۇمچە ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ۋە كادىرلارنىڭ، ئاممىنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن بېرىلسىمۇ بولىدۇ. بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتىكى ئەڭ ياخشى دەرسلىك «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، «پروگرامما»نىڭ ماھىيىتى ۋە رولى ئۇنىڭ ”ئۆگىنىش ئۈچۈن قوشۇمچە ماتېرىيال“ ئىكەنلىكىدە؛ ئۇنى ئوقۇشقا لايىق كېلىدىغان ئاساسىي ئوبيېكتلار ئاساسەن ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرىي كادىرلار. بىز «پروگرامما»نى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئەسلى ئەسەرلەرنى ئۆگىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز كېرەككى، «پروگرامما»نى ئەسلى ئەسەرلەرنىڭ ئورنىغا قويساق بولمايدۇ.

«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم

قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى بىرقەدەر ئەتراپلىق، توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن بۇ مۇھىم قوشۇمچە ماتېرىياللىڭ ياردىمى بىلەن، بىزنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىمىز چوقۇم تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەلەپ قىلغان كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇقتا قاراپ تەرەققىي قىلالايدۇ.

# چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى رەھبەرلىك قىلىش ۋە تەشكىللەشتە

«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 1-، 2-، 3-توملىرى ھەم «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگىنىدىغان مۇھىم قوشۇمچە ماتېرىيال ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، بۇ 14-قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مەركەزنىڭ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىش توغرىسىدىكى قارارىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇش تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. ھازىر، نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ ھەقىقىي يوسۇندا كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىش-قىلالماسلىقى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ۋە كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللىشىگە باغلىق.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىجادىي ئىشتۇر، ئىنتايىن كەڭ ھەم چوڭقۇر ئىجتىمائىي چوڭ ئۆزگىرىشتۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىش مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان خەلقئارا مۇھىتتا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، شۇڭا ئىلگىرىلەش يولىمىزدا ھەرخىل يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىمىز. بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا بىرقەدەر ياخشى چارىلەرنى تاپتۇق، بەزى مەسىلىلەردە بىزدە تېخى پىشقان تەجرىبىلەر بولمىغاچقا، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىشىمىز تۇرغان گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىشىلەرنىڭ تونۇش مەسىلىسى بىلەن مەنپەئەت مەسىلىسى ھەمىشە گىرەلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، بىزنىڭ بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىزنى قىيىنلاشتۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ۋە شارائىت ئاستىدا، بىز جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ تارىخنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرىمىز دەيدىكەنمىز، كۈچلۈك سىياسىي رەھبەرلىك ۋە ئىدىيىۋى يېتەكچىلىك بولمىسا بولمايدۇ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇ-

روشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە تەشكىلى ۋە پروتوكول قوشۇنىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى، ھەرىكەت جەھەتتىكى يۈكسەك بىردەكلىكىنى ساقلاپ ھەممە شۇ ئاساستا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن خەلقنى، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنى تەربىيىلەپ، ئۇلۇغ پارتىيىمىزنى، ئۇلۇغ مىللىتىمىزنى ئۇلۇغ ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ئۇيۇشۇپ، ئەقىل-پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇلۇغ دۆلىتىمىزنى تېخىمۇ ئونۇملۇك ھالدا گۈللەندۈرەلەيمىز ھەم دۇنياغا ئۆزىمىزنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشالايمىز.

مەركەز «پروگرامما»نى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىدا ئېنىق كۆرسەتتىكى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ‹دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما›نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىش توغرىسىدىكى قارارى»نى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇپ، كادىرلارنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسلى ئەسەرلىرىنى ئەستايىدىل، چوڭقۇر ئوقۇشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، «پروگرامما»نى ئۆگىنىشنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش پىلانىغا كىرگۈزۈشى لازىم. دېمەك، بىز ئىلگىرىكى نەزەرىيە ئۆگىنىش پىلانىمىزنى تەكشەش ئاساسىدا، ئەسلى ئەسەرلەرنى ئۆگىنىشنى ئاساس قىلغان نەزەرىيە ئۆگىنىش پائالىيىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئۇيۇشتۇرۇشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، نەزەرىيە ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقىمىزنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. 14-قۇرۇلتايدىن بۇيان، بولۇپمۇ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومى نەشر قىلىنغاندىن بۇيان بىز دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ھالدا بىر قېتىم ئۆگەندۇق، بەزىلەر «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئوقۇپ چىقتى. بىراق، بۇ بىزنىڭ بۇ نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ ئۆزلەشتۈرگەن ۋە ئىگەللىگەنلىكىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ. يولداش جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك تەشكىلات خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە، يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار سىياسىيونلارچە سۈپەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئىرىشىش نىشانى قىلىپ ئۆزىنى ئۆستۈرۈشى، ئۆزىنى چېنىقتۇرۇشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى. سىياسىيونلارچە سۈپەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگەللەش لازىم. ئۆگەنگەندىن كېيىن ئاندىن ئۆز بىلىمىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئالدىنقى بىر مەزگىللىك ئۆگىنىشىنى پەقەت ياخشى باشلىنىش دېيىشكىلا بولىدۇ، ھازىرقى ھالەتتىن قىلچە قانائەتلىنىشكە بولمايدۇ، ”ئۆگىنىپ بولغان“، ”بىلىپ بولغان“ دېگەندەك يۈزەكى ئۆگىنىپلا بولدى دەيدىغان ئىدىيىۋى توسالغۇلارنى يېڭىپ، ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقىمىزنى كۈچەيتىشىمىز لازىم.

ئىككىنچى «پروگرامما»نى ئۆگىنىش ئارقىلىق «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگىنىشنى

www.uyghurkitap.com

يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم. «پروگراما» بىزنىڭ دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن مۇھىم قوشۇمچە ماتېرىيال بولۇپ ياردەم بېرىدۇ. «پروگراما»نى ئۆگىنىش ئىشىغا ياخشى رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى ياخشى ئۇيۇشتۇرۇش مۇھىم بىر خىزمەتتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىزنىڭ ئالدىنقى بىر مەزگىلدە رەھبىرىي كادىرلارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىمىزگە ئاساسلانغاندا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئەسەرلىرىدىكى نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنى، ئىلمىي سىستېمىنى ۋە ئۇنىڭدىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلنى ھەقىقىي چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش ئۈچۈن، ئەسلى ئەسەرلەرنى چوقۇم ئەستايىدىل ئۆگىنىش لازىم. بۇ رەھبىرىي كادىرلار ۋە نەزەرىيە خىزمەتچىلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم، ئۇلار ۋاقىتنى ۋە زېھنىنى سەرپ قىلىپ قايتا-قايتا ئوقۇپ چىقىشى كېرەك. سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن بۇ توپ مەسىلىنى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي مەزمۇننى يېقىندىن چۆرىدەپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت بۇ جەۋھەرنى چىڭ تۇتۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بىر قاتار نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ ئىلمىي مەزمۇننى ۋە ئىچكى باغلىنىشنى توغرا چۈشىنىپ، ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ۋە ئىلمىي سىستېمىسىنى ئىگىلىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، خىزمىتىمىزدىكى، ئىدىيىمىزدىكى تۈرلۈك ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تىرىشىشىمىز، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، نۆۋەتتە، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، بىر تەرەپتىن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى نىشان قىلغان ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قەتئىي ھالدا چوڭقۇر قانات يايدۇرماقتا. يولداش جياڭ زېمىن كۆپ قېتىم مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بۈگۈنكى كۈندە، كادىرلارنىڭ ۋە پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە، ئەڭ ئاساسلىقى، دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشى مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىش لازىم، ئەڭ مۇھىمى كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى ۋە كادىرلارنى ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆز مېڭىسىنى قوراللاندۇرۇش ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشقا يېتەكلەش ۋە تەشكىللەش لازىم. شۇڭا، بىز «دېڭ

شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگىنىش ئىشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدا، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنى نەزەرىيە ئۆگىنىش ئارقىلىق جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئورتاق غايىنى پەيدىنپەي تىكلەپ، توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا پائال يېتەكلەپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا قىلچە تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك، بۇ — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تۈپ يولى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەردانىلىك بىلەن 21-ئەسىرگە قەدەم تاشلىشىدىكى تۈپ شەرت.

**(ئاپتور: ج ك پ مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى نەزەرىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: خۇدابەردى خېلىل**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

www.uyghurkitap.com

# دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنىڭ پەلسەپىۋى ئالاھىدىلىكى

**شى لەيزۇڭ**

سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئۇل تېشى.

دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”سوتسىيالىزم دېگەن ناھايىتى ياخشى ئاتالغۇ، لېكىن سوتسىيالىزم ئوبدان قۇرۇپ چىقىلمىسا، توغرا چۈشىنىلمىسە، توغرا سىياسەت قوللىنىلمىسا، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى نامايان قىلغىلى بولمايدۇ.“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-توم، 679-بەت. تۆۋەندە مۇشۇ كىتابتىن كەلتۈرۈلگەن نەقىللەرگە توم ۋە بەت نومۇرىلا بېرىلدى) سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى توغرا چۈشىنىش بىزنىڭ توغرا سىياسەت تۈزۈپ چىقىپ ۋە قوللىنىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشىمىزنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئۇنداقتا، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى دېگەن نېمە؟ ئۇزاق مۇددەت ئىزدىنىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، دېڭ شياۋپىڭ تۆۋەندىكى يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويدى: ”سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش ۋە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئاخىرىدا ئورتاق بېيىش مەقسىتىگە يېتىش.“ (3-توم، 777-بەت) بۇ ھۆكۈم مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نەچچە ئون يىللىق سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتىدە ھاسىل بولغان ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر يەكۈنلەپ، ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى سوتسىيالىزمنىڭ رېئال ئەھۋالىغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئاساسەن سوتسىيالىزمنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى يۈكسەكلىكىدىن ئېچىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، كۈچلۈك دەۋر خاراكتېرىگە، رېئاللىققا ۋە قاراتمىلىققا ئىگە بولدى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، بولۇپمۇ ئۇنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشتىكى پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش ۋە تەتقىق قىلىش مەسىلىسىدە ساقلىنىۋاتقان

بەزى خاتا چۈشەنچىلەرنى ۋە بىر تەرەپلىمىلىك قاراشلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىرىنچى، ئۇزۇل-كېسىل، مۇستەھكەم تارىخىي ماتېرىيالىزملىق مەيداندا تۇرۇش — دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشدىكى ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تارىخىي تەرەققىياتنى بەلگىلەيدىغان ئاخىرقى كۈچ دېگەن تۈپ نۇقتىئىنەزىرىنى چىقىش قىلىپ ئىگىلەپ، ”تۆت كىشىلىك گورۇھ“نىڭ ”نامرات سوتسىيالىزم“نى تەشەببۇس قىلىپ، ”كوممۇنىزم ئاساسەن روھىي جەھەتتىكى نەرسە“ دەپ جۆيلىگەن سەپسەتىسىنى كۈچلۈك ھالدا تەنقىد قىلىپلا قالماي، بەلكى سوتسىيالىزمنى مۇلۈكچىلىكنى ئۆزگەرتىش بىلەنلا چەكلەپ قويىدىغان كونا نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇللارنىمۇ ئۇزۇل-كېسىل تۈزەتتى. سوتسىيالىزم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىغا قويۇلۇشى كېرەك. بۇ — سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىنىڭ ئاساسى. بۇ ئاساستىن ئايرىلغاندا، سوتسىيالىزمنىڭ ھېچنېمىسى بولمايدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىنلا ئىبارەت دەپ يىغىنچاقلاشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە، ئەمما شۇنى بىلىش كېرەككى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئىچىدىكى ئەڭ تۈپ، ئەڭ ئاساسلىق مەزمۇندۇر. بەزى كىشىلەر، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش سوتسىيالىزمغا خاس نەرسە ئەمەس، بارلىق جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ماھىيىتى، ئۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى بەلگىلەش مۇۋاپىق ئەمەس، دەپ قارىماقتا. بۇ خىل كۆز قاراش دۇرۇس ئەمەس. توغرا، ماركسىزم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئاملىنى پۈتكۈل ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىدىكى ھەل قىلغۇچ كۈچتۇر، دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇنىڭدىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش — بارلىق جەمئىيەت، بارلىق سىنىپنىڭ ئورتاق تەلىپى ۋە ئورتاق ۋەزىپىسى، دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولمايدۇ. ماركسىزمنىڭ بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى تۈپ نۇقتىئىنەزەرلىرى مۇنۇلار: ‹1› ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىجتىمائىي سىنىپ ۋە ئىجتىمائىي كۈچلەر قالاق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلاشقا ئىنتىلگەندىلا، ئۇلاردا ئاندىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش تەلىپى بارلىققا كېلىدۇ، تارىختا ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرىدىغان سىنىپلار ۋە قالاق، چىرىك ئىجتىمائىي كۈچلەر بولسا، ئۆزلىرىنىڭ قولغا كەلگەن مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن كونىراپ كەتكەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدىن ۋاز كېچىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشنى خالىمايدۇ. تارىختىكى ھەرقانداق بىر ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى بەرپا قىلىنغان دەسلەپكى مەزگىلدە ۋە مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچتا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش رولىنى ئوينىغان بولسىمۇ، ئەمما يىراق كەلگۈسىدىن ۋە ماھىيەت جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇلار ئاخىرقى ھېسابتا

www.uyghurkitap.com

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بوغۇپ قويغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، بەزى تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھەقىقەتەن غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، لېكىن بۇ، كاپىتالىزمنىڭ ئۆزىگە خاس تۈپ زىددىيەتلىرىنىڭ ھەل بولغانلىقىنى چۈشەندۈرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى سىغدۇرۇش رولىمۇ ھەرگىز چەكسىز ئەمەس. (2) سوتسىيالىستىك ئەللەردە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى ئورتاق بېيىتىش نىشانىغا بىۋاسىتە باغلىنىدۇ. كاپىتالىستىك ئەللەردە بولسا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن قوللانغان تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى پايدا مەنبەسىنى كۆپەيتىش ۋە كېڭەيتىشنىلا مەقسەت قىلىدۇ، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، كاپىتالىستلارنىڭ بېيىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. (3) دەرۋەقە، ھەرقانداق جەمئىيەتمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ، ھەل قىلغۇچ ئامىلدىن ئايرىلالمايدۇ، ئەمما ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي فورماتسىيە ئىچىدە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ كونكرېت خاراكتېرى، كونكرېت نىشانى ۋە ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن بولغان بىرىكىشىنىڭ كونكرېت شەكلى ئوخشاش بولمىغان خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئاساس قىلىپ، ”ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش“، ”ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش“نى ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش نىشانى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ ماھىيەتلىك پەرقىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلاپ، جەمئىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئورتاق قانۇنىيىتى بىلەن سوتسىيالىزم تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدە قانۇنىيىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك ئىدىيىۋى ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلىگەن. بۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنىڭ كۈچلۈك نەزەرىيىۋى مەنتىقىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ئاساسىدۇر.

ئىككىنچى، ئىجتىمائىي پائالىيەتنىڭ ئاساسىي ئامىللىرى (يەنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى، ئىشلەپچىقىرىش مەقسىتى)نىڭ بىرىكىشىدىن سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ، شۇنىڭدەك سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات قانۇنى بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ قىممەت نىشانىنىڭ يۈكسەك بىردەكلىكىنى نامايان قىلغان. ئىنسانلار جەمئىيىتى تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئورگانىزم، ئۇنىڭ ئىچىدە ماددىي تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئاساسى بولىدۇ. كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئالاقە باغلاپلا قالماي، بەلكى كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ بەلگىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئالاقە پەيدا بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ ۋە يېڭىلىنىدۇ،

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىرلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ماددىي ئاساسىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئەمما، ئىقتىسادىي ئامىل ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ دېيىلگەن پرىنسىپنى ئىقتىسادىي ئەھۋال ئۆزلۈكىدىن رول ئوينايدۇ دەپ چۈشىنىۋېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتى داۋامىدا كىشىلەر ئۆز تارىخىنى ئۆزى يارىتىدۇ. بۇ خىل يارىتىش كىشىلەرنىڭ مەقسەتلىك پائالىيىتىدە ئىپادىلىنىدۇ، مەقسەتلىك بولۇش كىشىلەرنىڭ تارىخنى يارىتىش پائالىيىتىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، ئىجتىمائىي پائالىيەتنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش بولمىغان ئۈچ قاتلامدىكى، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسىي ئامىلدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ، ئۇنىڭغا ئەتراپلىق قارىشىمىز لازىم. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئەڭ تۈپ ھەل قىلغۇچ ئامىلدۇر، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئاساسىغا ئورنىتىلغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي بازىسىنى ھاسىل قىلىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش مەقسىتى بولسا ئىجتىمائىي ماددىي تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىدىكى ئاكتىپ، پائالىيەتچان ئىنكاسى بولۇپ، جەمئىيەت تارىخى سۇبيېكتىنىڭ يارىتىش كۈچكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئېھتىياجىنى ۋە پائالىيەتچان رولىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىرلىكى جەمئىيەتنىڭ ماددىي تەرىپىنى ھاسىل قىلىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش مەقسىتى بولسا جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ سۇبيېكتلىق ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتنىڭ ئۈچ تۈپ ئامىلىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى كونكرېت بەلگىلىدى، بۇنىڭ بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىرلىكى توغرىسىدىكى ئاساسىي تەلىپىنى ئەتراپلىق ھالدا ئىپادىلەپ قالماستىن، بەلكى سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنىڭ، قىممەت نىشانى بىلەن ئىجتىمائىي قانۇنىيەتنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتىدىكى يۈكسەك بىردەكلىكىنى چوڭقۇر ئىپادىلەپ بەردى.

ئۈچىنچى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتى بىلەن ئالاھىدىلىكىنىڭ بىردەكلىكىنى تەكىتلەش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشتىكى يەنە بىر مۇھىم ئىدىيىۋى ئالاھىدىلىكىدۇر. سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنى باشقا ئىجتىمائىي فورماتسىيىلەردىن پەرقلەندۈرىدىغان مۇئەييەنلىكتۇر، سوتسىيالىزمنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا سوتسىيالىزم ماھىيىتىنىڭ تاشقى ئىپادىسىدۇر. كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە كۆرۈنۈشتىكى باراۋەرلىك ۋە ئەركىنلىك بۇرژۇئازىيە ئېكسپلاتاتسىيىسىدىن ئىبارەت ماھىيەتنى ياپىدۇ، ھادىسە بىلەن ماھىيەتنىڭ ئېغىر ھالدا بىردەك بولماسلىق ئەھۋالى مەۋجۇت. سوتسىيالىزمدا سىنىپىي ئېكسپلاتاتسىيە ۋە سىنىپىي قارىمۇقارشىلىق ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىلغانلىقتىن ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن ماھىيىتى، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئاساسەن بىردەك. ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكا،

شەيئىلەرنىڭ سۈپىتى ھامان مەلۇم خۇسۇسىيەت (ئالاھىدىلىك، خاراكتېرلىك بەلگە) ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنى بىرلەشتۈرۈپ تەكشۈرگىنىمىزدە، سوتسىيالىزمنىڭ كاپىتالىزمغا ئوخشىمايدىغان تۈرلۈك خاراكتېرلىك بەلگە ۋە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىيالايمىز. ئەمما ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كىشىلەر سوتسىيالىزمنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بولغان تونۇش جەھەتتە ماركس-ئېنگېلسلارنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىنى قاتار تىزىپ قويۇش بىلەنلا توختاپ قالغان، ھەمدە ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى ماھىيەت خاراكتېر-لىك ”تۈپ ئالاھىدىلىك“ دەپ قاراپ كەلگەن. دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىش ۋە شەرھلەش جەريانىدا، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ بېرىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى، كىشىلەرگە، ماھىيەت خاراكتېرىدە بولمىغان نەرسىلەر (مەسىلەن پىلانلىق ئىگىلىك)نى ماھىيەت خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىك دەپ قارىماسلىق كېرەك، دەپ نەسىھەت بەردى. ماھىيەت خاراكتېرلىك ئالاھىدە-لىك دېگەنلىك شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرىدىغان، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى-نىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئالاھىدىلىك دېگەنلىكتۇر. دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىدىن ۋە ئۇ ئىزچىل تەكىتلەپ كەلگەن نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا، سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسەن مۇنداق تۆت ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بار:

**(1) ”ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش“ — سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى.** دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىزمنىڭ چوڭ تۇرۇشىمىز شەرت بولغان تۈپ پرىنسىپلىرى ئۈستىدە توختالغان چاغلاردا، ”ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش“نى سوتسىيالىزمنىڭ بىرىنچى تۈرلۈك پرىنسىپى قىلىپ كەلگەن. بۇرژۇئازىيىنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى يوقىتىش پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى. ماركس بىلەن ئېنگېلس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويغان: ”كوممۇنىستلار ئۆز نەزەرىيىسىنى بىر ئېغىز سۆزگە يىغىنچاقلىشى مۇمكىن: خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى يوقىتىش.“ («ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1-توم، 455-بەت) دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيا-لىزمنىڭ ماھىيىتى ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك بولسا سىنىپىي قارىمۇقارشىلىقنى ۋە ئېكسپې-لاتاتسىيىنى پەيدا قىلىدىغان ئىقتىسادىي مەنبەدۇر. شۇڭا ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش ئۈچۈن خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى يوقىتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى دەسسىتىش كېرەك. بۇ — سوتسىيالىزم ماھىيىتىنىڭ بولۇشقا تېگىشلىك مەزمۇنى. ئەمەلىيەت قايتا-قايتا ئىسپاتلىدىكى، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، كامالەتكە يەتكەن ساپ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، بەلگىلىك مىقداردىكى يەككە ئىگىلىك ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىك تەركىبلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن خۇددى دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك: ”بىز يەككە ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا

يول قويىمىز، جۇڭگو-چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ۋە چەت ئەللىكلەر ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلارنىڭ راۋاجلىنىشىغىمۇ يول قويىمىز، لېكىن باشتىن-ئاخىر سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىمىز. سوتسىيالىزمنىڭ مەقسىتى ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى پەيدا قىلىش ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى تەڭ بېيىتىش. ئەگەر سىياستىمىز ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشكە ئېلىپ بارىدىغان بولسا، مەغلۇپ بولغىنىمىز شۇ؛ قانداقتۇر يېڭى بۇرژۇئازىيە پەيدا بولىدىغان بولسا، تازا ئەگرى يولغا كىرىپ قالغىنىمىز شۇ.» (3-توم، 226 — 227-بەتلەر) دۆلىتىمىزدىكى چوڭ-ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى شارائىتىدا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت مۇشكۇل ۋەزىپىگە دۇچ كېلىۋاتقان ھازىرقى ۋاقىتتا، بىز دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش ئىدىيىسىدە ئاكتىلىق ھالدا چىڭ تۇرۇپ، چوڭ-ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى تىرىشىپ جانلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىشىمىز كېرەك.

**(2) تۆت ئاساسىي پرىنسىپ — «دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئاساسى»، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان زور ئىدىيىۋى-سىياسىي ئالاھىدىلىك، شۇنداقلا سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى.** دېڭ شياۋپىڭ قايتا-قايتا كۆرسەتتىكى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش-چىڭ تۇرماسلىق بىر تۈپ مەسىلىدۇر. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرمايدىغان بولساق، تىنچ-ئىتتىپاقلىق ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قالالمايمىز، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ قالالمايمىز، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىشقا ئىمكانىيەت يارىتالمايمىز، ھەتتا «سول»چىللىقنى تۈزىتىشنى سوتسىيالىزم ۋە ماركسىزمنى «تۈزىتىش»كە ئايلاندۇرۇپ قويىمىز. پارتىيىمىزنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى، بولۇپمۇ خەلقئارا سوتسىيالىزم تەرەققىياتى داۋامىدا كۆرۈلگەن ئەگرى-توقايلىقلار ۋە ئوڭۇشسىزلىقلار دېڭ شياۋپىڭنىڭ يۇقىرىدىكى ئىدىيىۋى نۇقتىئىنەزىرىنىڭ يىمىرىلمەس ئىلمىي ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى.

**(3) ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش — سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى، سوتسىيالىزم تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ تۈپ تەلىپى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇمۇ سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.** ئېنگېلس بۇرۇنلا مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى: «'سوتسىيالىستىك جەمئىيەت' دېگەن جەمئىيەت ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇنى باشقا ھەرقانداق ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ئوخشاش دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ۋە ئىسلاھ قىلىنىپ تۇرىدىغان جەمئىيەت دەپ قاراش كېرەك.» («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 37-توم، 443-بەت) «ئۆزگىرىش ۋە ئىسلاھ قىلىنىش»

گەرچە بارلىق جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسىمۇ، لېكىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان جەمئىيەت بىلەن ئەمگەكچى خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجايىنلىق قىلىدىغان سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە بىر-بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان خاراكتېرگە ئىگە. كونا ئىجتىمائىي تۈزۈم شارائىتىدا، "ئىسلاھات" سىنىپىي كۈرەش ۋە ئىجتىمائىي ئىنقىلابنى "پەسەيتكۈچى" بولۇش سۈپىتىدە روشەن ئۆگىلاش خاراكتېرگە ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان بۇنداق ئۆگىلاش كۆپىنچە مەجبۇرىي يول بىلەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى ئەھمىيىتى چەكلىك بولىدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە بولسا، ئەمگەكچى خەلق جەمئىيەتنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالغاچقا، سىنىپىي كۈرەش مەلۇم دائىرىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدا، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلما ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان زىددىيەت ئانتاگونىيىسىز زىددىيەت بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئاڭلىق يولغا قويۇلىدىغان ئىسلاھات سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئۆز-ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ قالىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھاتنى مەملىكىتىمىزدىكى "ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب" دەپ ئاتاپ، ئىسلاھاتنىڭ نىشانى يەنىلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، سوتسىيالىستىك ئىسلاھاتنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات توغرىسىدىكى ئىدىيىسى ئۇ بەرپا قىلغان سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى. سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە چۈشىنىش، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك ئىسلاھاتنىڭ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە چۈشىنىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دەۋردىكى تۈپ فاڭجېنى بولغان ئىسلاھات سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە تەرەققىي قىلىشتىكى مۇقەررەر يولىدۇر.

**(4) يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى.** پارتىيىنىڭ 12-قۇرۇلتىيى "يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش"نى سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ستراتېگىيىلىك فاڭجېنى دەپ قاراپ ئۈچۈق قىلىپ مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: "سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى." دېڭ شياۋپىڭ ئىزچىل تۈردە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئۇ كۆپ قېتىم مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئوبدان ئېلىپ بېرىلمايدىغان بولسا، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولمايدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلمىسە،

ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدىغانلىقىنى، ئەگرى يولغا مېڭىپ كېتىدىغانلىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلەپ ئۆتتى. بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش شارائىتى ئاستىدا، چەتنىڭ چىرىك ئىدىيىسىنىڭ چىرىتىشىنى توسۇش ئۈچۈن، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ۋە توسۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تېخىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ”ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش“ فاڭجېنى سوتسيالىزمنىڭ ماھىيىتى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى.

سوتسيالىزمنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى سوتسيالىزمنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۆز تەرەققىياتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچىدا، باشقا تەرەپلىرىدىمۇ ئىپادىلىنىشى مۇمكىن، ئەمما ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تەرەققىيات قانۇنىيىتىدىن قارىغاندا، ئەڭ مۇھىم تۈپ ئالاھىدىلىكى يۇقىرىدىكى تۆت ماددىدىن ئىبارەت.

تۆتىنچى، باشتىن-ئاخىر ئەمەلىيەت بىرىنچى دەيدىغان نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇشىمۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشتىكى مۇھىم ئىدىيىۋى ئالاھىدىلىكىدۇر. ئەمەلىيەتچىللىك دېڭ شياۋپىڭ بەرپا قىلغان جۇڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى، بۇ ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ سوتسيالىزمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىدە روشەن ئىپادىلەندى. دېڭ شياۋپىڭ سوتسيالىزمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى باياناتلىرىدا زادىلا كىتابنى ئاساس قىلمىغان، بەلكى توغرىدىن توغرا سوتسيالىزم ئەمەلىيىتىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىغا يۈزلەنگەن، دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ سوتسيالىزمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى سوتسيالىزم نېمە دېگەن مەسىلىگە مۇپەسسەل جاۋاب بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ”سوتسيالىزمنىڭ مەقسىتى“، ”سوتسيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى“ شۇنىڭدەك ھەق-ناھەق، پايدا-زىيانغا ھۆكۈم قىلىشنىڭ ”ئاساسىي ئۆلچىمى“ دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەر ئۈستىدىكى ھۆكۈملەر ئارقىلىق سوتسيالىزمنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئىزىغا چۈشۈرۈپ، سوتسيالىزم قۇرۇشنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى چوڭقۇر شەرھلەپ بەرگەن. بۇ يەردە ”كاپىتالىزم“نىڭ نەرسىسىمۇ ياكى ”سوتسيالىزم“نىڭ نەرسىسىمۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. دېڭ شياۋپىڭ بەزى يولداشلارنىڭ ”كاپىتالىزم“نىڭ نەرسىسىمۇ ياكى ”سوتسيالىزم“نىڭ نەرسىسىمۇ دېگەن مەسىلە بىلەن گاڭگىراپ قېلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتە ئۆزىنىڭ پۇت-قولىنى چۈشەپ قويغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئۆلچىمىگە كەلگەندە، ئاساسلىقى ئۇنىڭ سوتسيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكىگە، سوتسيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنىڭ ئېشىشىغا پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكىگە، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكىگە قاراش كېرەك.“ (3-توم، 775-بەت) ”ئۈچكە

پايدىلىق» بولۇش ئۆلچىمى سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئەمەلىي خىزمەتتىكى ئىپادىسى ۋە تەلىپى. دېمەك، بىز بىرەر سىياسەت ۋە تەدبىرنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى ئۆلچەشتە، ھە دېسىلا ئۇنىڭ خاراكتېرى نېمە ئىكەنلىكىنى، «كاپىتالىزم» ياكى «سوتسىيالىزم» ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىپ كەتمەي، ئاساسلىقى ئۇنىڭ «ئۈچكە پايدىلىق» بولغان-بولمىغانلىقىغا قاراش كېرەك. «ئۈچكە پايدىلىق» بولغىنى توغرا، پايدىسىز بولغىنى خاتا. بىز ئاز مىقداردىكى «خۇسۇسىي ئىگىلىك» ۋە «چەت ئەل كارخانىلىرى»نى سوتسىيالىزم خاراكتېرىدىكى ئىگىلىك دەپ قاراپ قالماسلىقىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە. لېكىن سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا مۇشۇ ئىقتىسادىي تەركىبلەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشىمىز ۋە ئۇلارنى مۇۋاپىق راۋاجلاندۇرۇشىمىز، شۈبھىسىزكى، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشكە ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق، سوتسىيالىزمغا پايدىلىق، خەلققە پايدىلىق. «ئۈچكە پايدىلىق» بولۇش ئۆلچىمى ماركسىزملىق ھەقىقەت ئۆلچىمىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتىدىكى چوڭقۇرلىشىشى ۋە كونكرېتلىشىشى، ئۇ بىزنىڭ بارلىق ئىدىيە ۋە ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ تۈپ يېتەكچى ئىدىيىسى.

دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئىلمىي ئاساستا ئېچىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ چوڭقۇر پەلسەپۋى ئاساسىنى ئەكس ئەتتۈردى، بۇ ئۇنىڭ سوتسىيالىزمنى بىلىشتە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنياقاراش ۋە مېتودولوگىيىگە ئەمەل قىلغانلىقى ۋە ئۇنى تەتبىق قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بىز دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى شۇنىڭدەك پۈتكۈل جوڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە چۈشىنىش جەريانىدا، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ۋە تۈپ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئىگىلىگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭدىكى ئىلمىي دۇنياقاراش ۋە مېتودولوگىيىنى ئۆگىنىشكە چوقۇم ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. مېنىڭچە، بۇ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگىنىشتىكى تۈپ تەلەپ، شۇنداقلا ئاز كۈچ بىلەن كۆپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنىڭمۇ مۇھىم ئۇسۇلىدۇر.

**(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىسالەت ئابلا**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

www.uyghurkitap.com

## ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى «ئىزدىنىش» نىڭ 1996-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىڭىزلارنى قارشى ئالىمىز

«ئىزدىنىش» ژۇرنىلى—ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى، پارتىيىمىزنىڭ مۇھىم نەزەرىيىۋى تەشۋىقات بازىسى. «ئىزدىنىش» ژۇرنىلى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تەتقىق-تەشۋىق قىلىش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن تەشۋىق قىلىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، كەڭ كادىرلارنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ ژۇرنالنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى: ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش دېگەن ئاساسىي لۇشيەنىنى ھەر تەرەپلىمە تەشۋىق قىلىش؛ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش ۋە "ئېچىلىش-سايراش" فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، نەزەرىيە جەھەتتىن پائال ئىزدىنىش ۋە سايراشقا ئىمكانىيەت يارىتىش.

بۇ ژۇرنال ھەر ئاينىڭ 5-كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ. كېلەر يىلدىن باشلاپ ھەر سانىنىڭ باھاسى 1.80 يۈەن بولىدۇ.

پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، مەكتەپلەر، قىسىملار، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، كارخانا-كەسپىي ئورۇنلارنىڭ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، نەزەرىيە-تەشۋىقات خادىملىرى ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ مۇشتەرى بولۇشىنى قارشى ئالىمىز.

ISSN 1006-5857

《求是文选》(维吾尔文版) 国外代号：M5—V 刊号：ISSN1006—5857 / CN11—2498/D

邮发代号：2—373 定价：1.50元 邮政编码 100013

08>

9 771006 585006